# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

1

1989

پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 - يىل 1 - سان
(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★ (ئومۇمىي 37 - سان)
پەسىللىك ژۇرنال 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

# بۇ ساندا

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسى ھەققىدە ........
........................................ ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى 1
باھانىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ........................
........................................ ئابلىكىم ھەسەن 9
سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى شارائىتىدا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ
چىقىش سەۋەبلىرى ........................ ئالىم سەيفى 16
مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش — ئارىلاشما
قائىدە قارىشى .......................... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 21
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ......... نۇرمۇھەممەت زامان 28
ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ بەدىئىي قامۇسى ........... ئابدۇللا مەتقۇربان 36
ئەدەبىي ئېقىم «خەمسە» چىلىك توغرىسىدا .................. شېرىن قۇربان 50
چاغاتاي تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋىتى توغرىسىدا ............................ ئابدۇرۇۋۇپ پولات 68
«غەربىي لياۋ» دۆلىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە .................. قاسىم ئارىش 81
ئاتالارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىزدىنىش ............... تۇرسۇن ھوشۇر 93
خوتەننىڭ رەسسام، تەرجىمان سىكىستائىدا ۋە ۋىساكويىچى ............ . ......
........................................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 111
جاڭ جىزجۇڭنىڭ شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بار-
غان تىنچلىق سۆھبىتى توغرىسىدا ..............................
........................................لى شۇاڭ، جۇ ياڭگۇي، گاۋ شىنشىڭ 124

**新疆大学学报** 1989年第1期

（哲学社会科学维文版） （总第37期）

# 目　录

试论社会主义初级阶段的绝对地租问题……………阿不力孜·伊明，吾马尔·巴克里
浅析价格的社会属性……………………………………阿不利克木·艾山
试论社会主义初级阶段犯罪现象的成因………………………阿里木·赛非
论民族文化发展的科学观点—混合层次观……………阿不都许库尔·买买提依明
关于维吾尔文学中的几个问题……………………………努尔买买提·则马尼
反映中世纪维吾尔人生活的艺术大全…………………阿不都拉·买提库尔班
试论“海木斯”文学流源…………………………………………西仁·库尔班
试谈察合台语与当时维吾尔口语的关系…………………阿不都如甫·波拉提
浅谈西辽史………………………………………………………喀斯木·阿尔西
塔塔尔族源初探…………………………………………………吐尔逊·吾守尔
和田籍画家·翻译家…………………………阿布里孜·穆罕默德·沙依拉米
关于张治中与新疆三区革命代表的和平谈判………………李爽，朱杨桂，尚新生

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسى ھەققىدە

ئابلىز ئىمىن، ئۆمەر بەكرى

مۇتلەق يەر ئىجارىسى نەزەرىيىسى ماركسنىڭ يەر ئىجارىسى نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ نەزەرىيە كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ يەر مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ غايەت زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش غايەت زور نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە بىۋاسىتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «يەر ئىجارىسى يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەمەلگە ئېشىشى.»① يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنىڭ مونوپولىيىسى مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەن، قانداق يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر بەرىبىر يەر ئىجارىسى تۆلەش لازىم. چۈنكى، مۇتلەق يەر ئىجارىسى يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى دەپ قاراش، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك يەرگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن، مۇتلەق يەر ئىجارىسى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى يوقىلىدۇ، دېيدىغان قاراش يولداش ستالىندىن كەلگەن. ستالىن مۇنداق دەيدۇ: «كاپىتالىزم شارائىتىدا يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا مۇتلەق يەر ئىجارىسى بولىدۇ.... سوۋېت تۈزۈمىدە يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا، مۇتلەق يەر ئىجارىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.»② شۈبھىسىزكى،

① ماركس: «كاپىتال» 3 - توم خەنزۇچە نەشرى 725 - بەت.
② «ستالىن ئەسەرلىرى» 11 - توم خەنزۇچە نەشرى 168 - بەت.

ستالىننىڭ بۇ قارىشى ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ قارىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ماركس مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «يەر ئىجارىسىنىڭ قانداق ئالاھىدە شەكلىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى بىر ئورتاقلىققا ئىگە، ئۇ بولسىمۇ يەر ئىجارىسى يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىقتىسادىي شەكىل».① يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنىڭ شەكلى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھەم ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ يوقىتىدىغىنى پەقەت يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنىڭ ئۆزىنى يوقاتمايدۇ. خۇددى ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىش يەر ئىجارىسىنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى يەر ئىجارىسىنى ئۆزگەرتىلگەن شەكىل ئارقىلىق بولسىمۇ، جەمئىيەتكە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ». بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىدۇر. يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەن، مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىدىن باشقا، يەنە يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزئارا ئايرىلىش ئەھۋالىمۇ مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. يەنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولغاچقا، «بۇ ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش سورىنىدا ئۆز كاپىتالىنى ئىشلىتىشكە يول قويغاندا، مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە (مەسىلەن ھەر يىلى) كېلىشىمگە ئاساسەن يەر ئىگىلىرىگە يەنى ئۆز ئىشلەتكەن يەرنىڭ ئىگىلىرىگە بىر پۇل ئۈلۈشى (پۇل كاپىتالىنى قەرز ئالغۇچى مۇئەييەن ئۆسۈمنى تۆلىشى بىلەن تامامەن ئوخشاش) تۆلىشى لازىم. بۇ پۇل ئۈلۈشى مەيلى تېرىلغۇ يەر، قۇرۇلۇش يېرى، كان، بېلىقچىلىق مەيدانى، ئورمان قاتارلىقلارغا تۆلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى يەر ئىجارىسى دېيىلىدۇ».② شۇڭا، يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ھەمدە يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزئارا ئايرىلىشى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان مۇكەممەل زۆرۈر شەرتنى ھاسىل قىلىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ھەم يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزئارا ئايرىلىشى تەڭلا مەۋجۇت. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئىگىلىكىدە يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش بىلەن ئىشلەتكۈچىلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

① ماركس: «كاپىتال» ۳ - توم خەنزۇچە نەشرى ٧١٤ - بەت.

② ماركس: «كاپىتال» ۳ - توم خەنزۇچە نەشرى ٤٩٨ - بەت.

دۆلەت ئومۇمىي خەلققە ۋاكالىتەن يەرلەرگە ئىگىدارلىق قىلىدۇ. كارخانىلار بولسا نىسپىي مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەت قىلغۇچىلار بولۇپ يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما، كارخانىلار يەرنى بىكارغا ئىشلەتمەيدۇ، بەلكى يەر ئىگىسىگە يەر بېجى تاپشۇرۇش، يەنى دۆلەت يەرلەرنى ئىشلەتكۈچى — كارخانىلاردىن يەر بېجى ئېلىشى لازىم. بۇ تامامەن مۇۋاپىق ھەم زۆرۈر. ئۇندىن باشقا، سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە، يەرلەر مەلۇم دائىرە ئىچىدە دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە تەۋە. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەر ئىگىلىرى بىلەن يەرنى ئىشلەتكۈچىلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلدى. كوللېكتىپ يەرنىڭ ئىگىسى، يەككە دېھقانلار بولسا يەرنى ئىشلەتكۈچى، بۇنىداق ئەھۋال ئاستىدا دېھقان ئائىلىسى يەرنى بىكارغا ئىشلەتمەي، كوللېكتىپقا مۇئەييەن يەر بېجى تاپشۇرۇشى لازىم.

قىسقىسى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئىمكانىيىتى بار. مانا بۇ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان ئوبيېكتىپ پاكىت.

مۇتلەق يەر ئىجارىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەسىلە، يەر باھاسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. كاپىتالىزم شارائىتىدا يەر تاۋار ئورنىدا ئەركىن ئالدى - ساتتى قىلىنىدۇ. ئېچىلمىغان بوز يەرلەرنىڭ گەرچە قىممىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باھاسى بولىدۇ. چۈنكى يەرلەر چەكلىك، يەر ئىگىلىرى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا تايىنىپ يەر ئىجارىسى دارامىتىگە ئېرىشىدۇ، بۇ ھال يەرنىڭ باھاسى بولىدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىداق باھا يەر ئىجارىسىنىڭ كاپىتاللاشقانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، يەرلەر تاۋار ئەمەس، ئۇنى ئەركىن ئالدى - ساتتى قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەن يەرلەرنى ھەقسىز ئىشلىتىشكە بولىدۇ دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى يەرلەرنى ئىشلەتكۈچى مەلۇم مىقداردا مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان يەر ئىشلىتىش بېجى تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ تەبىئىي ھالدا يەر باھاسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىداق يەر باھاسى يەرنىڭ بازار باھاسى بولماستىن، بەلكى يەرلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، يەرلەرنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان ھېسابلاش باھاسى بولۇپ، ئۇ يەر ئىجارىسى بىلەن ئۆسۈم نىسبىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەر تەمىنلەيدىغان يەر ئىجارىسىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىدۇر.

يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىلەردە ئوخشاشمىغان خاراكتېرگە ئىگە. يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىدىن ھاسىل بولغان مۇتلەق يەر ئىجارىسىمۇ ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە.

بىرىنچى، كاپىتالىزم شارائىتىدا يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك هوقۇقىنى ئاز سانلىق چوڭ يەر ئىگىلىرى مونوپول قىلىۋالغان، بۇنداق يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك هوقۇقىدىن هاسىل بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ قانۇنىي ئىپادىسى سۈپىتىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسى، سىنىپىي ئانتاگونىزملىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يەنى، يەر ئىگىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك كاپىتالىستلىرىنىڭ ياللانما ئىشچىلارنى ئورتاق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك هوقۇقى سوتسىيالىستىك دۆلەت ياكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. بۇنداق يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك هوقۇقىدىن هاسىل بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ قانۇنىي ئىپادىسى بولغان مۇتلەق يەر ئىجارىسى، ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن بىردەكلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، يەرگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ رېئاللىشىش ئىقتىسادىي شەكلى بولغان كاپىتالىستىك مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى يەر ئىگىلىرى ھەقسىز ئىگىلەپ ئالىدۇ، يەنى ئىجارىگەش كاپىتالىستلار يەر ئىگىلىرىگە قوشۇمچە قىممەتنىڭ بىر قىسمىنى مۇتلەق يەر ئىجارە ھەققى سۈپىتىدە تاپشۇرىدۇ. يەرگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش ئىقتىسادىي شەكلى بولغان سوتسىيالىستىك مۇتلەق يەر ئىجارىسى، دۆلەت بىلەن كوللېكتىپقا تەئەللۇق، بۇ ئەمەلىيەتتە خەلقتىن ئېلىپ خەلققە قايتۇرۇشتۇر.

ئۈچىنچى، كاپىتالىستىك مۇتلەق يەر ئىجارىسى يەرلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمىگەنلىكتىن، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مۇتلەق يەر ئىجارىسى يەرلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

## 2

مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ هاسىل قىلىنىشى يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك هوقۇقى بىلەن زىچ ئالاقىدار، ساپ قانۇنىي جەھەتتىكى يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك هوقۇقى مۇتلەق يەر ئىجارىسى بولۇپ تۈزۈلىدىغان ئاشۇ قىسىم نورمىدىن ئارتۇق پايدىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ. ماركس كاپىتالىزمنىڭ مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلغان چاغدا، ناھايىتى روشەن هالدا بۇ قىسىم نورمىدىن ئارتۇق پايدىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇھىم شارائىتى يېزا ئىگىلىكىدە كاپىتالنىڭ ئورگانىك تۈزۈلۈشى ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ ئوتتۇرىچە تۈزۈلۈشىدىن تۆۋەن بولغانلىقىدىن بولىدۇ دەپ قاراپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئەگەر بىر ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىدىكى كاپىتالنىڭ تۈزۈلۈشى ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ ئوتتۇرىچە تۈزۈلۈشىدىن تۆۋەن بولسا، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر

شۇ كاپىتال ئىچىدە ئىش ھەققى ئۈستىگە سېلىنغان ئۆزگىرىشچان قىسىم بىلەن ماددىي ئەمگەك شەرتلىرى ئۈستىگە سېلىنغان دائىمىي قىسىمنىڭ نىسپىتى، ئىجتىمائىي ئوتتۇرىچە كاپىتال ئىچىدىكى ئۆزگىرىشچان قىسىم بىلەن دائىمىي قىسىمنىڭ نىسپىتىدىن زور بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باھاسىدىن يۇقىرى بولۇشى تۇرغان گەپ.»① بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىك كاپىتالىنىڭ ئورگانىك تۈزۈلۈشى بىر قەدەر تۆۋەن بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكىگە سالغان مۇئەييەن مىقداردىكى كاپىتال ئىجتىمائىي ئوتتۇرىچە تۈزۈلگەن ئوخشاش مىقداردىكى كاپىتالغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ جانلىق ئەمگەكنى ئىشقا سېلىپ تېخىمۇ كۆپ قوشۇمچە قىممەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى كاپىتالنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئەركىن يۆتكىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، ئەركىن رىقابەتنىڭ قانات يېيىشىنى بوغۇپ قويىدۇ. بۇ ھال يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار باھاسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش باھاسىدىن ئېشىپ كەتكەن قىممەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قىممەت بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش باھاسى ئوتتۇرىسىدا بىر پەرقلىق ئۆلۈش مەيدانغا كېلىدۇ. دەل مۇشۇ پەرقلىق ئۆلۈش مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئەلۋەتتە، «ئەگەر يېزا ئىگىلىك كاپىتالىنىڭ ئوتتۇرىچە تۈزۈلۈشى ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ ئوتتۇرىچە تۈزۈلۈشى بىلەن باراۋەر ياكى يۇقىرى بولسا، ئۇ ھالدا يۇقىرىقى مەنىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسى، يەنى پەرقلىق يەر ئىجارىسى، ھەم ھەقىقىي مونوپول باھانى ئاساس قىلغان يەر ئىجارىسى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يەر ئىجارىسىمۇ يوقىلىدۇ.»② بۇ چاغدا، ئەگەر يەرگە بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى مەۋجۇت بولۇپ يەنىلا يەر ئىجارىسى تۆلەشنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، بۇنداق يەر ئىجارىسى «پەقەت بازار باھاسىنىڭ قىممەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش باھاسىدىن ئېشىپ كەتكەن ئوشۇقچە ئۆلۈشتىن كېلىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت مەھسۇلاتنىڭ مونوپول باھاسىدىن كېلىدۇ.»③ ماركسنىڭ كاپىتالىزمدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەنبەسىنى تەھلىل قىلىشتىكى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ساقلىنىپ قالغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ تامامەن تۇيغۇن كېلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى يەنىلا بىر قەدەر قالاق. مەبلەغنىڭ ئورگانىك تۈزۈلۈشى ناھايىتى تۆۋەن، بۇنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئىجتىمائىي ئوتتۇرىچە ئورگانىك تۈزۈلۈشكە يەتكۈزۈش تەس. شۇڭا، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىدىكى ئوخشاش مىقداردىكى ئىشلەپچى-

① ماركس، «كاپىتال» 3-توم خەنزۇچە نەشرى 855-بەت.

② ماركس: «كاپىتال» 3-توم خەنزۇچە نەشرى 862-بەت.

③ ماركس: «كاپىتال» 3-توم خەنزۇچە نەشرى 863-بەت.

قىلىش ۋاستىلىرى سانائەت تارماقلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ جانلىق ئەمگەكنى سەپەرۋەر قىلىپ تېخىمۇ كۆپ قىممەت يارىتالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش باھاسى ئوتتۇرىسىدا بىر پەرقلىق تۆلۈش مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ پەرقلىق تۆلۈش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بولغاچقا، بازار مېخانىزمى بىلەن قىممەت قانۇنىيىتى يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەرقايسى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ نىسپىي مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تارماقلارغا سېلىنغان ئوخشاش مىقداردىكى مەبلەغ ئوخشاش پايدا نورمىسىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھال ئوبيېكتىپ جەھەتتە پايدا نورمىسىنىڭ ئوتتۇرىچە يۈزلىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە مەبلەغ بىلەن ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەرقايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدا يۆتكىلىش ئەھۋالى مەيدانغا كەلدى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بۇنداق يۆتكىلىشكە تېخىمۇ ئۇنۇملۇك شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا پايدىنىڭ ئوتتۇرىچىلىشىش يۈزلىنىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش باھاسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەنبەسى، قىممەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش باھاسىدىن زور بولۇشىدىن ئىبارەت پەرقلىق تۆلۈش ئىمكانىيىتىنى رەت قىلىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. دېمەك مۇتلەق يەر ئىجارىسى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلات قىممىتىدىن تۇتۇپ قېلىنغان بولماستىن، بەلكى ھەرقايسى يەر ئىشلەتكۈچى كارخانا، ئورگان ۋە يەككە ئەمگەكچىلەر ياراتقان قوشۇمچە مەھسۇلات قىممىتىدىن تۇتۇپ قېلىنىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ.

3

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋالغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئاندىن يەرلەردىن تولۇق، ئۇنۇملۇك ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ بولسىمۇ لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر مەيدانى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا يەنىلا ئاز. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 14 مىليارد 400 مىليون مو ئومۇمىي يەر مەيدانى ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق قاتارلىق

كەسىپلەرنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغىنى پەقەت ئالتە مىليارد 650 مىليون مو بولۇپ قالغان قىسمى ھازىرغىچە پايدىلىنىشقا بولمايدىغان قۇملۇق، قاقاس ۋە سازلىق يەرلەر، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك شەھەرلەرنىڭ يەرلىرى تېخىمۇ قىس. بۇنداق ئەھۋالدا ئىمكانقەدەر ھەربىر سوڭ يەرنى كۆز قارچۇغىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ ئۈنۈمدىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم. لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا يەرلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن. يەر ئىسراپچىلىقى بىر قەدەر ئېغىر. شەھەرلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەزى كارخانىلار، ئورگانلار يەر ئىشلىتىشتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، كەڭ بولسا كەڭرەك ئىشلىتىدىغان، تار بولسا كېڭەيتىدىغان، ھەتتا زور مىقداردىكى يەرلەرنى ئاق تاشلاپ قويىدىغان ئەھۋاللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب، نەزەرىيە جەھەتتە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن يەرلەرنى ھەقسىز ئىشلىتىدىغان ھادىسە كېلىپ چىققان. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئاندىن يەر ئىشلەتكۈچىلەر مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى تاپشۇرۇشنىڭ ئورۇنلۇق، قانۇنلۇق، ئىكەنلىكىنى، يەر ئىشلىتىش تۈزۈمى ۋە يەر باشقۇرۇش قانۇنىغا ئاڭلىق ئەمەل قىلغاندا، ھەرقايسى يەر ئىشلەتكۈچى كارخانا، ئورگان ۋە شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادچانلىق بىلەن يەرلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ يەرلەرنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە مەنسۇپ بولغان يەرلەرگە نىسبەتەن دۆلەت يەر ئىشلەتكۈچى كارخانا، ئورگان ۋە شەخسلەردىن يەر بايلىقى بېجى يىغىپ ئېلىشى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە مەنسۇپ بولغان يەرلەرنى ئىشلەتكۈچىلەر (كۆتۈرە ئالغۇچىلار) كوللېكتىپقا مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يەر ئىشلىتىش بېجىنى تاپشۇرۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يەرلەرنى ئىشلىتىش بىلەن ھەرقايسى كارخانا، ئورگان ۋە شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ زىچ باغلاپ، ئۇلارنىڭ يەرلەرنى قالايمىقان ئىشلىتىدىغان، يەر بايلىقلىرىنى ئىسراپ قىلىدىغان ھادىسىلىرىنى چەكلىگىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىگە بىنائەن مۇۋاپىق يەر باھاسى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا مۇتلەق يەر ئىجارىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا يەرلەرنىڭ باھاسى بولىدۇ. يەر باھاسى ئەمەلىيەتتە، «يەرلەر يەتكۈزۈپ بەرگەن يەر ئىجارىسىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى» دۇر. ئىلگىرى بىز مۇتلەق يەر ئىجارىسىگە ئاساسەن مۇۋاپىق يەر باھاسىنى تۈزۈپ چىقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، يەرلەرنى يىغىۋېلىش يەرلەرنى قەرز بېرىش مەسىلىسىدە ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن زىددىيەتلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. بەزى جايلاردا يەر يىغىۋېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ ئۆلىنى قازىدىغان، چەت ئەل سودى-

گەرلىرى بىلەن يەر ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەنىدە، بىرلىككە كەلمەيدىغان نەھۋاللار بىرنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزگەنىدى. شۇڭا، بىز يەر ئىجارىسى ئۆلچىمىنى ئېنىق بەلگىلەش ئاساسىدا قىممەت قانۇنى بىلەن تەمىنلەش ۋە تەلەپ مۇناسىۋىتىگە مۇۋاپىق بولغان يەر باھاسىنى بەلگىلەپ، يەر يىغىۋېلىش ۋە تەقسىم قىلىشتا كېلىپ چىققان زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ دۆلىتىمىزگە كۆپرەك مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ئاندىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى توغرا بەلگىلىگىلى بولىدۇ. مۇتلەق يەر ئىجارىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات باھاسىنى قىممەت قانۇنىيىتىگە بىر قەدەر مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقى، ئوتتۇرىچە پايدا ۋە مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر بولىدىغان مۇپەسسەل باھانى بەلگىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ. بۇ دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قايچىسىمان باھا پەرقىنى تارايتىشىمىزغا پايدىلىق. ئەمما، ئىلگىرى دۆلىتىمىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات باھاسىدا مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىدىن چىقىرىپ تاشلىغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۇنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن بولغان، بۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا خېلى زور تەسىر بەرمەي قويمىدى. شۇڭا، بىز بۇنداق باھا بەلگىلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ناچار يەرلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئايرىم قىممىتى ياكى ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش باھاسىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات باھاسىنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن يەر تېرىغۇچى بىلەن يەر ئىگىسى تەڭلا مۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئىگە بولۇپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىگە ئاساسەن يەر بايلىقى بېجى ياكى يەر ئىشلىتىش خىراجىتىنى يىغىۋېلىشنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىزدە يەرلەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەر ئىشلەتكۈچى كارخانا، ئورگان ۋە شەخسلەر يەرگە مەلۇم راسخوت چىقىم قىلىشى توغرا كېلىدۇ. بۇ راسخوتلار بولسا دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، دۆلەتنىڭ كارخانا، ئورگان ۋە شەخسلەردىن يەر بېجى شەكلىدە مۇتلەق يەر ئىجارىسىنى ئېلىشى، ئەمەلىيەتتە دۆلەت بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى دارامەتنىڭ قايتا تەقسىم قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلسا،

# باھانىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابلىكىم ھەسەن

مال باھا ئىسلاھاتى كىشىلەر ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتقان مەسىلە شۇنداقلا يۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولۇپمۇ شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى.

توققۇز يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق كارخانىلاردىكى ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى، ئونۇم بىلەن مەنپەئەتنى ئايرىۋېتىدىغان بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ، بىر تۇتاش چىقىم قىلىدىغان، پايدا-زىيانغا ئورتاق مەسئۇل بولىدىغان، ھوقۇق يۇقىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن مەمۇرىي خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە پەيدىن پەي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ھەرقايسى ساھەلەردە غايەت زور نەتىجە بارلىققا كەلدى. خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىر قاتلاندى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىر قاتلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر قاتلىنىشقا يېقىنلاشتى. بولۇپمۇ مال باھا ساھەسىگە نەزەر سالساق ئىسلاھات جەريانىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نەتىجە ۋە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

---

يەنە بىر تەرەپتىن، جايلار يەر ئىشلىتىش راسخوتىنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ، مەبلەغ توپلاپ، يەرلەرگە مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

بەشىنچىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇتلەق يەر ئىجارىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، دۆلەتنىڭ يەر ئىشلىتىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى نەزەرىيەۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىپ قالماستىن، بەلكى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلغان يۈتكۈل ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىمۇ مۇئەييەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ نەزەرىيە كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزمنىڭ يەر مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ غايەت زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. باھا ئىسلاھاتى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلان تۈزۈلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ بازار مېخانىزىمىنى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كىرىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈپكى سۈپەت ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، كارخانىلار بازارغا قاراپ يۈزلەندى.

2. باھا ئىسلاھاتى بازار مېخانىزىمىنى خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى بىلەن زىچ باغلىدى. باھا بازارنىڭ ئۆلچىمى بولۇش سۈپىتىدە تەلەپ بىلەن تەمىنلەشنى تەڭشەش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتتە مۇھىم ئىقتىسادىي پىشاڭلىق رولىنى ئويناپ دۆلەتنىڭ ئىگىلىكنى بىۋاسىتە باشقۇرۇشتىن تەدرىجىي ۋاسىتىلىق باشقۇرۇشقا ئۆتۈش نىسبىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇشقا باشلىدى.

3. باھا خەلق ئىگىلىكى ۋە سانائەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا نىسبەتەن قوش تۈزۈملۈك باھانىڭ يولغا قويۇلۇشى، كۆندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ باھا قويۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇششاق تاۋارلارنىڭ قويۇۋېتىلىشى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۇۋاپىقلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ۋە خەلق تۇرمۇشىدا زۆرۈر بولغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، بازار ئېھتىياجىنىڭ قاندۇرۇلۇش تەلىپىنى تېزلەتتى.

4. باھا ئىسلاھاتى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى، ئىشلەپچىقارغۇچىلارمۇ، ئىستېمالچىلارمۇ بازاردىكى تەلەپ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئۆزگىرىشى، پەسىل خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ۋە سۈپەتتىكى ئوخشاشماسلىقتىن كېلىپ چىققان باھا پەرقى ۋە باھانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئادەتلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن باھانىڭ تەڭشەش، يېتەكلەش رولىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى، يىغىنچاقلىغاندا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولۇپمۇ باھا ئىسلاھاتى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قەدىمى تاشلاندى.

ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، بىرنەچچە يىل جەريانىدا بىرمۇنچە يېڭى ۋە قىيىن مەسىلىلەرمۇ كېلىپ چىقتى. باھا ئىسلاھاتى داۋامىدا بەزى قويۇۋېتىلمەسلىككە تېگىشلىك بۇيۇملارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلگەچكە شۇنىڭدەك قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن كېلىپ چىققان يېڭى مەسىلىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەپ تىزگىنلەپ تەڭشەيدىغان بىر يۈرۈش باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىلمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ كۆپلەپ سېلىنىشى، ئامانەت قەرز ۋە پۇلنىڭ كۆپلەپ تارقىتىلىشى، ئىش ھەققى كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باھا ساھەسىدە مەلۇم دەرىجىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. بۇ خىل ھالەت باھا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماي خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئېنىق ھالدا ئىستېمال

ساھەسىگە تەسىر كۆرسىتىپ «كوچىلاردا، جامائەت سورۇنلىرىدا ھەممە كىشى باھانى مۇلاھىزە قىلىدىغان» ھالەت شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھات جەريانىدا كۆرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە ئۆزگىرىشلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە مۇستەھكەملەپ، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، توغرا ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باھا ئىسلاھاتىنى پىختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ باھانىڭ بازار مېخانىزمىدىكى يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

ئۇزۇندىن بۇيان نەزەرىيە ساھەسىدە ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىدا باھانىڭ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا، بىردەك «ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن باھانىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ» دەپ قارالدى. ئەمما ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولۇپمۇ باھا ئىسلاھاتى بۇ خىل ئەنئەنىۋى نەزەرىيىنىڭ مۇكەممەل ئەمەس ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ئىسپاتلىماقتا.

باھا ئىسلاھاتى ئۆتكىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش ئۈچۈن توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن باھانىڭ خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا چىقىرىلغان يۇقىرىقى ھۆكۈم توغرىسىدا يېڭى باشتىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، كۆز قاراشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر.

باھا ئىسلاھاتى ناھايىتى قىيىن ئۆتكەل بولغاچقا ئىسلاھ قىلىش باشلىنىشى بىلەنلا نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. يەنى ئېيتقاندا مۇنداق ئىككى تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىرى باھانى قويۇۋېتىپ بازار مېخانىزمىدىن پايدىلىنىپ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغاندا خۇددى كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگەندەك ۋە راۋاجلاندۇرغاندەك كۆرۈنۈش، يەنە بىرى باھانى قويۇۋەتمىگەندە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنۈش. بۇنىڭ بىلەن باھانى قويۇۋېتىپ، باھانىڭ رولى ئارقىلىق بازار تىجارىتىنى تەڭشىسە، سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئەۋزەللىكى يوقىلىپ سوتسىيالىستىك باھا كاپىتالىستىك باھا بىلەن ئوخشاش نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، سوتسىيالىستىك باھانىڭ ماھىيەتلىك پەرقى گەۋدىلەنمەيدىغاندەك، باھانى قويۇۋەتمىسە، باھا ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بارغىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدىغاندەك ھالەت شەكىللەندى. بۇ مەسىلىگە قانداق قىلىپ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ؟ سوتسىيالىستىك باھا بىلەن كاپىتالىستىك باھانىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بارمۇ-يوق؟ باھانىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى زادى نېمە؟ بۇ مەسىلە نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل قىلىنمىسا باھانىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى رولى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىش قىيىنغا چۈشىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولۇپمۇ باھا ئىسلاھاتى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

بازار ئارقىلىق تەڭشەش بازار مېخانىزمىنىڭ يادروسى. ئەگەر باھانىڭ خۇسۇسىيىتى كاپىتالىزمغا مەنسۇپ دەپ قارالسا بازار مېخانىزمىمۇ كاپىتالىزمغا مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك بازار مېخانىزمىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنمەي، باھا ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى مۇجمەللىشىپ كېتىدۇ.

بۇ مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سوتسىيالىستىك باھا بىلەن كاپىتالىستىك باھانىڭ خۇسۇسىيىتىدە ماھىيەتلىك پەرق بار-يوقلۇقىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. باھانىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشتە مۇنداق ئىككى تۈپ ئاساسنى تۇتۇپ قىلىشقا بولمايدۇ. بىرى جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلار. يەنە بىرى جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ۋاسىتە ۋە ئۇسۇللار. ئالدىنقىسى پەقەت بىر جەمئىيەتنىڭ ئىگىلىكىدە ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن: مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ تەقسىمات مۇناسىۋىتى. ئۇلار پەقەت ئالاھىدە ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە مەنسۇپ بولىدۇ. كېيىنكىسى پەقەت بىر جەمئىيەتنىڭ ئادەتتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: باج بازار مېخانىزمى، پىلان مېخانىزمى قاتارلىقلار. بۇلار ئوخشاش بىر جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرىگە ياكى بىرنەچچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. باھامۇ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋاسىتىدۇر. تۆۋەندە مەن باھانىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى، باھانىڭ شەكىللىنىشى ۋە سەۋىيىسى، باھانىڭ خەلقئارا سودىدىكى رولى قاتارلىق تەرەپلەردىن باھانىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ يۈزەكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. باھانىڭ پەيدا بولۇشى ۋە فۇنكسىيىسى

باھا — ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە پەيدا بولغان. ئۇ تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان. شۇڭا ئۇ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى. باھا پەيدا بولۇپ ھازىرغا قەدەر نەچچە ئون مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت ۋە كاپىتالىستىك جەمئىيەت قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ بىرنەچچە خىل جەمئىيەتتە باھامۇ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋەردى، سەۋەبى بۇ جەمئىيەتلەردە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش ئورتاق مەۋجۇت ئىدى، پەقەت تەرەققىيات سەۋىيىسىدىلا پەرقلىنەتتى. مانا بۇ پاكىت باھانىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ماھىيەت-

لىك ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىدە پەقەت تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشلا بولىدىكەن باھامۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر باھا بىر جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرسە ياكى بەلگىلىسە ئۇ ھالدا تارىختا بىر جەمئىيەتنىڭ باشقا بىر جەمئىيەتكە ئۆتۈشىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بولۇپ قېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن باھامۇ ئۆزگىرىدۇ ياكى مەۋجۇت بولماي قالىدۇ ياكى بىرنەچچە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا باھانىڭ خۇسۇسىيىتى قانداقتۇر مەلۇم بىر جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولمايدۇ. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا باھا ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى، تاۋار قىممىتىنى پۇل بىلەن ئىپادىلىگۈچى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭشىگۈچىسى. ئۇنىڭ پەقەت ئىككى خىللا فۇنكسىيىسى بولۇپ، بىرى تاۋارنىڭ باھاسىنى كۆرسىتىش فۇنكسىيىسى، يەنە بىرى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى تەڭشەش فۇنكسىيىسى. پەقەت تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت بولغان بارلىق ئىجتىمائىي فورماتسىيىلەردە باھانىڭ بۇ ئىككى خىل فۇنكسىيىسى مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ. باھا فۇنكسىيىسىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى باھا خۇسۇسىيىتىنىڭ ئاللىقانداق بىر جەمئىيەتكە مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، ياكى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. باھانىڭ شەكىللىنىشى ۋە سەۋىيىسى

باھا تاۋار قىممىتىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشى، تاۋارنىڭ قىممىتى باھانىڭ ئاساسى. باھا بىر تارىخىي ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولغاچقا، تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ شەكىللىنىش ئاساسىمۇ ئۆزگىرىپ كەلدى. ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا بىر خىل مەھسۇلاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى ئوتتۇرىچە قىممىتىنى بەلگىلەپ باھانىڭ شەكىللىنىش ئاساسى بولدى. كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابەت باسقۇچىدا تارماقلارنىڭ ئوتتۇرىچە زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى قىممىتىنى ئىپادىلەپ، باھانىڭ شەكىللىنىش ئاساسى بولدى. ھازىرقى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا بولسا پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئوتتۇرىچە پايدىغا يۈزلەنگەچكە قىممەت ياكى ئىشلەپچىقىرىش باھاسى باھانىڭ شەكىللىنىش ئاساسى بولماقتا. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىدە باھا يەنىلا قىممەت ياكى ئىشلەپچىقىرىش باھاسىنى ئاساس قىلىپ بېكىتىلمەكتە.

دەرۋەقە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىمۇ باھانىڭ شەكىللىنىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى بىرنەچچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىكى باھانىڭ شەكىللىنىشى ئاساسىدىن قارىغاندا باھا ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئوتتۇرىچە قىممەت باـ

كى قىممەتنى ئاساس قىلىپ شەكىللىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئوچۇق باھانىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى ئەمەس ياكى مۇئەييەن شارائىتتىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بولماستىن بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش تەلىپىگە ماس ھالدا راۋاجلىنىۋاتقان تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم باھا قىممەتنى چۆرىدەپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل توختاۋسىز ھەرىكەت باھانىڭ ئو- مۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى تەڭشەلدى. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىستېمال بۇيۇملىرى- نىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن باھانىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. مەسىلەن: دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا 1987 - يىلى باھانىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 7.2% ئۆسكەن. 1988 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە قارىغاندا 12% ئۆسكەن، مانا بۇ باھانىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى دۆلەتتە ياكى بىر دۆلەتنىڭ ئوخشاش بول- مىغان دەۋرىدىكى ئىككى خىل تۈزۈمدە باھانىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ھەرىكىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ ئەمما ماھىيەتلىك پەرقى بولمايدۇ. بىز ئىلگىرى «پۇل پاخاللىقى كاپىتالىزمغا خاس نەرسە، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە پۇل پاخاللىقى بولمايدۇ» دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەيلى كاپىتالىستىك دۆلەتتە بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك دۆلەتتە بولسۇن مال باھا ھەرىكىتىنىڭ پاكىتلىرى ئىس- پاتلىدىكى پۇل پاخاللىقى كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىلا مەۋجۇت بولماستىن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولۇپ قالدى. مەسىلەن: پولشانىڭ پۇل پاخاللىقى 1982 - يىلى 102% گە، 1983 - يىلى 28% گە، 1984 - يىلى 24% گە يەتكەن.② ئەگەر ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدە باھانىڭ خۇسۇسىيىتىدە ماھىيەتلىك پەرق بولسا يۇقىرىقىدەك ھادىسە نېمە ئۈچۈن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىمۇ، سوتسىيالىزم جەم- ئىيىتىدىمۇ ئورتاق مەۋجۇت بولىدۇ.

3 . خەلقئارا سودا ساھەسىدە:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىچكىنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولۇپمۇ ياپونىيە، ئامېرىكا، غەربىي گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن ۋە بىر قىسىم سوتسىيالىستىك ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى، تاۋار ئالماشتۇرۇش سودىسى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ئوخشاش بولمىغان تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردە باھانىڭ خۇسۇسىيىتى-

① «دىيالېكتىكا» پارتىيە مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1988 - يىلى 4 - سانىدىن.
② «ئىقتىساد خەۋەرلىرى» ژۇرنىلى، 1987 - يىلى 6 - سانىدىن قارالسۇن.

دە ماھىيەتلىك پەرق بولسا، يۇقىرىقى دۆلەتلەر بىلەن بولغان تاۋار سودىسىدا تاۋارنىڭ باھاسى قايسى دۆلەتنىڭ باھاسىنى ئاساس قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر باھانىڭ خۇسۇسىيىتى كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە مەنسۇپ بولسا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تاۋار سودىسى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلامدۇ؟

مەلۇمكى باھا پەقەت ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى ۋە تەڭشەش ۋاسىتىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن باھانىڭ سىنىپىيلىكى بولمايدۇ. ھەممە بىر جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. باھانىڭ پەقەت بىرلا خۇسۇسىيىتى بار، يەنى باھا تاۋار قىممىتىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر. باھا قىممەت كۆرسەتكۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى ئادەتتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەممە تاۋار ئالماشتۇرۇشقا ھاجەتمەن بارلىق سىنىپ ۋە گۇرۇھلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر باھانىڭ خۇسۇسىيىتى ئىجتىمائىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلەنسە، ئۇ ھالدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولمىسا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولمايدۇ. چۈنكى سىنىپلىق خاراكتېرغا ئىگە نەرسە ھەر قاچان ئوخشاش بىر ۋاقىتتا قارىمۇ-قارشى ئىككى سىنىپ ياكى گۇرۇھ ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ.

ئىلگىرى ئەنئەنىۋى نەزەرىيىنىڭ تەسىرىدە «باھا ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە» دەپ قارىلىپ، باھانىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىگە سەل قارالدى. ئادەتتىكى ۋاسىتە ۋە ئۇسۇللارمۇ سىنىپىيلىققا ئىگە دەپ قارالدى، ھەتتا باھا سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن چىقىشالمايدىغان نەرسە قىلىپ قويۇلدى، تاۋار ئىگىلىكى چەتكە قېقىلىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

ئىسلاھات باشلىنىپ ھازىرغىچە 9 يىلدىن ئاشتى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بويىچە باھا ئىسلاھاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. ئەمما بەزىلەر يەنىلا ئەنئەنىدە بولماقتا، بەزىلەر باھا ئىسلاھاتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا گۇمانىي قاراشتا بولۇۋاتىدۇ. ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلىيەت باھا ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بارغاندىلا تاۋار ئىگىلىكىنى جانلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەدرىجىي ئىسپاتلىماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ باھا ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساس. بىز پەقەت مۇشۇ ئاساستا ئىسلاھاتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ، ئىلگىرى سۈتىمي تۈس بېرىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئىجرا قىلىنغان نەرسىلەرنى تۈزۈتۈپ، كۆز قارىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دادىل قەدەم تاشلاپ ئىسلاھات ئۆتكۈلىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى شارائىتىدا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى

ئالىم سەيدى

ماركسىزم نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، جىنايەت خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەھسۇلى، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. لېكىن سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغان دۆلىتىمىزدىمۇ جىنايەت ھادىسىلىرى مەۋجۇت، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي باسقۇچتا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلىتىمىزدە جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ داۋاملىق، ئېغىر ھالدا سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىش، دۆلىتىمىز قانۇنچىلىقىدىكى مۇھىم بىر خىزمەت.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى مۇرەككەپ ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئىلگىرى مۇنداق بىرنەچچە خىل كۆز قاراش مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىدى.

1. دۆلىتىمىزدە ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار قالدۇقىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، يەنى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ھازىرغىچە ھايات قالغانلىرى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى مەيدان كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى پەرزەنتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇ ئەكسىيەتچى كۈچلەر دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن سىرت باشقىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قۇترىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كونا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى لىن بياۋ جاڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىدىكىلەرمۇ ئېكسپىلاتاتور سىنىپنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇنداق ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر ئازادلىقتىن كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق ئىنقىلاب ۋە تەربىيە ئارقىلىق ناھايىتى ئاز قالدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاساسەن سىياسىي تۈسنى

ئالغان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ناۋادا ئۇلار جىنايى ئىشلارغا دائىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق جىنايەتنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارنىڭ سىنىپىي مەيدانىدىن ئىزدەش توغرا ئەمەس.

2. بۇرژۇئازىيە، فېئوداللىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى. مەملىكىتىمىزدە فېئوداللىزم 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، فېئوداللىزم ئىدىيىسى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكىتىمىز يېرىم فېئوداللىزم، يېرىم مۇستەملىكىدىن بىۋاسىتە سوتسىيالىزمغا ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن فېئوداللىزم ئىدېئولوگىيىسى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇ خىل ئىدېئولوگىيە بازارغا ئېرىشىپ تېخىمۇ كۆپەيدى، يەنى، فېئودال ئىمتىيازلىق ئىدىيىسى، گۇرۇھۋازلىق ئىدىيىسى، ئەرلەر ئېزىز ئاياللار خار ئىدىيىسى قاتارلىقلار ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ روھىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ جىنايەت يولىغا كىرىپ قېلىشىدا قوزغاتقۇلۇق رول ئوينىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك كەيپ-ساپا تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

3. تاشقى جەھەتتە خەلقئارادا جاھانگىرلار ۋە زومىگەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى. يەنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى. بۇنداق ئەكسىيەتچى كۈچلەر دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە داۋاملىق ئىشپىيون، جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ئاخبارات توپلايدۇ ۋە ھەر خىل تەشۋىقات قوراللىرى ئارقىلىق ئىدىيىۋى سىڭدۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن شايكا توپلايدۇ. لېكىن بۇ ئىچكى سەۋەب ئارقىلىق رول ئوينايدىغان، ئاساسلىق بولمىغان تاشقى شەرت-شارائىتتىنلا ئىبارەت.

4. ئايرىم كونكرېت تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى. يەنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى، كادىرلار تۈزۈمى، ئەمگەك قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىقلاردا مەلۇم نۇقسانلار مەۋجۇت بولۇپ بۇلار بەزىدە جىنايەت كېلىپ چىقىشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت خىل سەۋەبنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە جىنايەت پەيدا بولۇشنىڭ مەنبەسى دېگەن قاراشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى مۇنداق: سوتسىيالىزم بىر پۈتۈن تارىخىي باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلغان. كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈم يوقىتىلغان، سىياسىي جەھەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئورنىتىلغان ئىدىيە جەھەتتە ماركسىزم، لېنىنىزم

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىدىن جىنايەت كېلىپ چىقمايدۇ.

پارتىيىنىڭ 13- قۇرۇلتىيىدا يولداش جاۋزىياڭ دوكلات بېرىپ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىياسىي نەزەرىيە ساھەسىدە نۇرغۇن يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى. دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇن نەزەرىيىمىز شۇ سىياسىي نەزەرىيىلەر ئاساسىدا شەرھلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ مەلۇم تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا ئىلگىرىكى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە جىنايەت پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنىڭ تازا مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى بىرىنچىدىن، بۇرۇن سوتسىيالىزم بىر پۈتۈن تارىخىي باسقۇچ دەپ قارىلىپ سوتسىيالىزمنىڭ بىر تۆۋەن باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەكلىكى ئېتىراپ قىلىنمىغان، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تېخى «تۆلچەمگە توشمىغان» سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنماي يۇقىرى سەۋىيىدىكى «ساپ» سوتسىيالىزم دەپ قارالغان.

ئىككىنچىدىن، مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ناھايىتى ئارقىدا قالغانلىقى تونۇلۇپ يېتىلمىگەن، چۈنكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارقىدا قېلىشى كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايلا قالماستىن مۈلۈكچىلىك، تەقسىمات، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىي مائارىپ قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ئارقىدا قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ئاخىرىدا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغانلىقى جىنايەت كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئاساسىي تەرەپ بولۇپ قالىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىلگىرىكى كۆز قاراشتىكىلەر جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى سىياسىي جەھەتتىن، سىنىپىي تەركىب جەھەتتىن، خەلقئارا ئامىللار جەھەتتىن ۋە ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغان بەزى تۈزۈملەر ئۈستىدىن ئىزدىگەن. لېكىن ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئىقتىسادىي بازىس جەھەتتىن جىنايەتنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئىزدەشكە ئۇرۇنمىغان. دەرۋەقە ئىلگىرىكى بۇنداق قاراشلارنى پۈتۈنلەي خاتا دېگىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزم باسقۇچىدا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن تۆت تەرەپتىنلا ئىزدەشكە بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداق بولسا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى شارائىتىدا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى قايسى تەرەپتىن ئىزدەش مۇمكىن؟ بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىز بېسىپ ئۆتۈۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئالدىن شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ.

مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندىن كېيىنكى بىر ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچ بولۇپ، ئالاھىدە تارىخىي شەرت ـ شارائىت ئاستىدىكى ئالاھىدە بىر تارىخىي جەرياندۇر. بۇ كەڭ مەنىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات جەريانى بولماستىن، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان، جۇڭگو ئىنقىلابى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىشى زۆرۈر بولغان، جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە شەرتكە ئىگە بولغان بىر باسقۇچتۇر. ئۆزىگە خاس ئالاھىدە شەرت دېگەنلىك، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن بىۋاسىتە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۆتكەن. بۇ كاپىتالىزمغا تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئارقىلىق دۆلىتىمىزدە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى ئورناتقان. 1956 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۈستىدىن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغان، لېكىن سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن گەرچە سىياسىي جەھەتتە كاپىتالىزمنىڭ زور تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش باسقۇچىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۆلچەمگە توشقان» سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئارقىدا قالغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش زۆرۈر، مانا بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن ئىبارەت.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى، ناتۇرال ئىگىلىك ۋە يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك زور نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇپ تاۋار ئىگىلىكى راۋاج تاپمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈكسەك دېموكراتىيە سىياسىتىنى تىكلەش ئۈچۈن زۆرۈر شەرت بولغان مەدەنىيەت، مائارىپ تەرەققىي قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدە ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا ئاڭسىز، نادان ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ ھالەت فېئودالىزم، كاپىتالىزم ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مەلۇم بازارغا ئىگە قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى شارائىتىدا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت تۆۋەن باسقۇچنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدىن ئىزدەش كېرەك.

1. مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ، بەزىدە ئايرىم رايون، ئايرىم شەخسلەرگە نىسبەتەن ئادەتتىكى ئېھتىياجىنىمۇ قامدىيالمايۋاتىدۇ. نامراتلىق دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدا يەنىلا كۆپ كۆرۈلمەكتە. بۇنداق نامراتلىق ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قانۇنسىز ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ جىنايەت سادىر قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

2. مەملىكىتىمىزدە خۇسۇسىي ئىگىلىك يەنىلا مەۋجۇت. خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويۇش ۋە ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى را-ۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر. مەلۇمكى، ماركسىزم نەزەرىيىسى بويىچە جىنايەت بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈك چەمبەرچەس باغلانغان، دۆلىتىمىزدە خۇسۇسىي مۈ-لۈكچىلىككە يول قويۇلۇۋاتقانلىقتىن ئاز ساندىكى يەككە تىجارەتچىلەر دۆلەت كۆرسىتىپ بەرگەن يولدا تىجارەت قىلماي، قانۇنسىز ئۇسۇل بىلەن پايدا كۆرۈش، باشقىلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش، جازانىخورلۇق قىلىش ئاخىرىدا جىنايەت يولىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن.

3. دۆلىتىمىزدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلماقتا. 13 - قۇرۇلتاي دوك-لاتىدا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا «ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇش ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان باسقۇچ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي شەرت»① دەپ كۆرسىتىلگەن. تاۋار ئىگىلىكى راۋاج-لاندۇرۇلىدىكەن جىنايەت ھادىسىلىرىدىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقنى، ھېچ بولمىغاندا ئىستېمال بۇيۇملىرىغا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى تاۋارنىڭ پۈتۈن ئوبوروت جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاۋار ئوبوروتى جەريانىدا جىنايەتچىلەر ئۈچۈن ھەر خىل يوچۇقلار بولىدۇ، يەنى خىيانەتچىلىك قىلىش، ئالدام-چىلىق قىلىش، پارىخورلۇق قىلىش، ھايانكەشلىك قىلىش قاتارلىقلار.

4. دۆلىتىمىزدە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن باشقا يەنە كۆپ خىل تەقسىمات شەكىللىرى مەۋجۇت، كۆپ خىل شەكىلدىكى تەقسىمات تۈزۈملىرى بولىدىكەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ كۆپرەك ئىگىلىۋېلىش تەمەسىنى باسالمايدۇ شۇنىڭ بىلەن ئەمگەك قىلماي پايدا كۆرۈش، ھەقسىز ئىگىلىۋېلىش، ھەرقاچان راھەت كۆرۈشتىن ئىبارەت بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ ئىسسىق قىلىش بازىرىغا ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت مۇددىئاسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

5. دۆلىتىمىزدە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ناھايىتى ئارقىدا. يەنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى مەدەنىي مائارىپنىمۇ

---

① «جاڭ زېمىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى بەرپا قىلىش ئۇلۇغ باياراقلىرى ... ماقالىلەر ... تۈزگۈچى ... بەت.

تېز تەرەققىي قىلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خۇددى 13- قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەندەك «ئاھالىنىڭ $\frac{1}{4}$ ساۋاتسىز، چالا ساۋات» شۇڭا مەملىكىتىمىزدە نادانلىق يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بولۇپ كىشىلەرنىڭ ياخشى يامانني پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى تۆۋەن، بۇ ئەھۋال بۇرژۇئازىيە فېئوداللىزم ئىدىيىسى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئىدىيىسى يىلتىز تارتىش تۇپرىقىغا ئىگە قىلىدۇ.

بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گەرچە ئىسلاھاتنىڭ مەخسىتى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئىسلاھات يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئالمىشىشى بولغاچقا، ئۇ كىشىلەرگە يېڭى ئاڭ، يېڭى كۆز قاراشلارنى ئېلىپ كەلدى. كىشىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى، تۇرمۇش قارىشى ئۆزگەردى. بولۇپمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن بېيىشىغا رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئىقتىسادىي تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقتى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئۆزگىرىشلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلالماي «پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن كۆز قاراشتا كېلىپ ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق، ھايانكەشلىك، پارىخورلۇق قىلىش قاتارلىق جىنايەت يولىغا ماڭدى. بولۇپمۇ سىرتقا قارىتا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن چەت ئەلنىڭ يېڭى تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە چەتئەلنىڭ ناتوغرا تۇرمۇش ئىستىلى، شەھۋانە سېسىق ئالغۇ لېنتىلىرى، ئەتكەسچىلىك قاتارلىق چىرىك نەرسىلەرى مەملىكىتىمىزگە ئېقىپ كىردى. بۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا يامان تەسىر كۆرسىتىپ، نۇرغۇن ياش ئۆسمۈرلەرنى ھەتتا بەزى پىشقەدەم كادىرلارنىمۇ زەھەرلەپ ئۇلارنىڭ جىنايەت يولىغا مېڭىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلىمەكتە.

يىغىپ ئېيتقاندا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى مۈلۈكچىلىك، تەقسىمات، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىي - مائارىپ قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن بولغاچقا ئۇنى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ.

# مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش—ئارىلاشما قاتلام قارىشى

ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەد ئىمىن

## 1

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشىنى ئىزاھلاش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى يورۇتۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەمەلىي، تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تەتقىقات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دارۋىننىڭ جانلىق تەبىئەت تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ «ئېۋاليۇتسىيە» تەلىماتىدىن كېيىن مورگاننىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي «ئېۋاليۇتسىيە» قاراشلىرى ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغان ۋە كونكرېت تەھلىل قىلىنغانىدى. ئېدۋارد تېيلورنىڭ 1872-يىلى نەشر قىلغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، جېيمس فرازېرنىڭ 1890-يىلى نەشر قىلغان «ئالتۇن شاخچىلار» ناملىق كىتابى ئىپتىدائىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىنسانىيەت (بۈگۈنكى مىللەتلەر) مەدەنىيىتىنى تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرىدە ئىزاھلاشنىڭ ئاساسىي قاراش سىستېمىسىنى تۇرغۇزدى. بۇ خىل قاراش بىر مەزگىل «سوتسىيال دارۋىنىزم»، «جەمئىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» دەپ ئاتالدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XX ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە يۇقىرىقى قاراشقا قارشى-قاراش مەدەنىيەتنىڭ تارقالمىلىق نەزەرىيىسى مەيدانغا چىقتى. فرېدرىخ راتزېل 1888-يىلى نەشر قىلغان «ئىنسانىيەت جۇغراپىيىسى»، ف. گرابنېر 1905-يىلى نەشر قىلغان «ئوكيانىيە مەدەنىيەت چەمبىرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى»، گ. سمىت 1915-يىلى نەشر قىلغان «مەدەنىيەتنىڭ دىففۇزىيە»، «دەسلەپكى مەدەنىيەتتە يۆتكىلىش» ناملىق ئەسەرلىرىدە بۇ خىل سوتسىيال دىففۇزىيە نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى. مەدەنىـ

يەتتىكى تارقالغانلىق نەزەرىيەسى ئاساسچىلىرى ئۆز قاراشلىرىنى بەزىدە خۇددى قىزىلدەك يۇقۇملىنىش دېگەن ئىبارە بىلەن، كېيىنچە خۇددى گازلاردىكى تارقالغانلىق سىمۋولىدا «دىففۇزىيە» ئىبارىسى بىلەن بايان قىلىشتى.

بۇ ئىككى قاراش سىستېمىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش ھادىسىلىرىنى بىردەك ئېتىراپ قىلسىمۇ، بۇنداق راۋاجلىنىشنىڭ ماھىيەتلىك جەريانلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى باشقىچە ئىزاھلاشتى. «ئېۋولىيۇتسىيە» قارىشىدىكىلەرچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى مۇئەييەن رايون ياكى مۇئەييەن خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى جەمغەرلىنىشى، ئاددىيدىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەدرىجىي راۋاجلىنىشى، ئۆزىگە خاس ۋە ئۆز-ئۆزىدىن ئىجاد قىلىشى، ئەۋلادتىن-ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشى، قىسمەن ئېتنىنىڭ رايون ئىچىدە تارقىلىشى ئاساسىدا ھاسىل بولىدىغان نەتىجىدىن ئىبارەت. «دىففوزىيە» قارىشىدىكىلەرچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بىر ياكى بىر قانچە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە بەرپا قىلىنغان ئانا ئۇرۇقى جامائەسى مەدەنىيىتىنىڭ، ئاتا ئۇرۇقى تۈزۈمى مەدەنىيىتىنىڭ، چارۋىچى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ۋە باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئۆزلىرى يارالغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن باشقا جايلارغا «يۆتكىلىشى»، «لەيلەپ يۈرۈشى»، «تارقىلىشى»، «كەڭيىشى» بىلەن مەدەنىيەت چەمبەر (تۈگرەك) لىرى ھاسىل قىلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدىغان سەمەرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارى چەكلىك، مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا مەدەنىيەت يارىتالايدىغان ئەھۋالى تولىمۇ ئاز دېيەرلىك، ئەپسانە رىۋايەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ باشقا شەكىللىرىدىكى ئوخشىشىپ كېتىشى مەدەنىيەتنىڭ دىففۇزىيە ھادىسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى دەپ تەكىتلەشتى. ئۇلار نەزەرىدە ئانالوگىيىلىك (سېلىشتۇرما) تەتقىقات مەدەنىيەت دىففۇزىيىسىنى ئىسپاتلاش ۋاسىتىسىدىن ئىبارەت. ئۇلار مىسىرنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە ئاپىرىدە گاھى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى مونىزملىق (بىر مەنبەلىك) دىففۇزىيە نەزەرىيەسى دېيىشتى. مىسىر يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى، ئاشلىق يېتىش، مۇمىيا قىلىش، پادىشاھقا تاج كەيدۈرۈش مۇراسىم قائىدىسى، باشقا ئەللەرگە يۈرۈش قىلىش، دېڭىز قاتنىشى قاتارلىقلار ئالدىنقى پىرەۋن زامانىسىدىلا مىسىردا پەيدا بولۇپ، مېسوپوتامىيە، تارىم ۋادىسى ئارقىلىق مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2500-يىللىرى سېرىق دەريا ۋادىسىغا تارالغان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. فرىدرىخ راتزېل مىللەتلەرنى «تەبىئىي مىللەت» ۋە «مەدەنىي مىللەت» دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، «تەبىئىي مىللەت» ئۆزىدىكى مەدەنىيەت مەلۇم چەكلىمىگە قامىلىپ قالغان، راۋاجلانمىغان مىللەت بولۇپ، «مەدەنىي مىللەت» مەدەنىيەت زاپاسلىرىنى كۆپلەپ جەمغەرلىگەن، مەدەنىيەت تارقاتقۇچى مىللەتتۇر دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ رولىنى ئادەمتىن تاشقىرى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتى. مەدەنىيەت دىففۇزىيىسى ماكان خاراكتېرلىك (جۇغراپىيىلىك) بولغاچقا،

زامان خاراكتېرى (تارىخى) ئالغان، دېمەكچى. گەرچە فرانز بوئاس، دىففۇزىيە قارىشى سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولسىمۇ، ئۇمۇ بىرقانچە «مەدەنىيەت رايونى»نى مەركەز قىلىنغان دىففۇزىيە دېگەن پىكىردىن ھالقىپ چىقالمىدى. بىر چاغلاردا ئەۋجىگە چىققان ھەممە مەدەنىيەت «غەربتىن كەلگەن» نەزەرىيىسى دىففۇزىيە قارىشىنىڭ رىقابىتىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭغا زىت بولغان مەھەللىي مەدەنىيەت قارىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭكى مىللىي-ساپلىق، نوقۇل مىللىي ئەنئەنىچىلىك قارىشىدىكىلەر ئېۋولىيۇتسىيە قارىشىنىڭ تەشەببۇسلىرىدا ئىسپاتلىۋالدى. بىر مەزگىل بۇخىل قاراشلار قانداقتۇر مەدەنىيەت مەسىلىسىدىكى كەڭ يېمىچىلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى.

(2)

بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ ئارىلاشما (سىنكرېتىك) قاتلاملىق نەزەرىيىسى يېقىنقى قاراشلارنىڭ ئەقلىغا مۇۋاپىق قىسمىنىلا قىممىتىدىكى ھەقىقەتلەرنى چەتكە قاقمىغان ھالدا، يېقىنقى ھەر ئىككى سىستېمىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى پرىنسىپال ئىنكار قىلىدۇ. ئارىلاشما-قاتلام قارىشى قاتلام نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت مېتودولوگىيىنىڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا تەدبىق قىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان نەزەرىيىۋى قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ قائىدىسى — بىر مىللەت (دۆلەت) نىڭ مەدەنىيىتى مىللەت (دۆلەت) دىن ھالقىغان مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئىبارەت، دېگەندىن ئىبارەت، ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان بارلىق مەدەنىيەت تارىخى ئۇنىڭ بىرەر مەدەنىيەت مەركىزىدىن قوبۇل قىلىش ئاساسىغا ياكى ئەكس ھالدا نوقۇل ئۆز-ئۆزىدىن بېيىپ راۋاجلىنىش ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى مىللىي (مەھەللىي) مەدەنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنغان (تەسىرىگە ئۇچرىغان) مەدەنىيەتلەردىن ئىبارەت ئىككى مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا ئارىلاشما قاتلام ھاسىل قىلىش نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى نىسپىي پرىنسىپ جەھەتتە يەرلىك مەدەنىيەت ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىمىز. بۇ يەردە ئېيتىلغان يەرلىك مەدەنىيەت «تەبىئىي مىللەت» مەدەنىيىتى ئەمەس، غەيرى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان نوقۇل مەدەنىيەتمۇ ئەمەس، بەلكى تېخى دۇنياۋى مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن، دۇنياغا يۈزلەنمىگەن مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. دۇنياغا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت دېگىنىمىزدە قىسمەنلىك جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىق جەھەتتە ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەت ياراتقان مەدەنىيەت تىپلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز. گرېك-رىم مەدەنىيەت تىپى، كوشان-كۆسەن مەدەنىيەت تىپى، سۈي-تاڭ مەدەنىيەت تىپى، ئەرەب يېزىقىدىكى مەدەنىيەت تىپى، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت تىپى قاتارلىقلارنى مانا شۇ خىل ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ

ئاساسىي شەكلى دېيىش مۇمكىن. بۇ خىل ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تىپلىرى ماھىيەتتە شۇ خىل مەدەنىيەت «مەركەز» لىرىنىڭ ئۆز سەمەرىسى بولماستىن، بەلكى ماھىيەتتە قىتئە-ئوكيانلار ئاتلىغان دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ شۇ يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىۋېرسال بولۇشىنىڭ نەتىجىسى. ئەلۋەتتە، تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ھەرقايسى رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ھازىرغىچە ئوينىغان رولى ۋە قالدۇرغان تۆھپىسىنى پۈتۈنلەي بىر خىل دېگىلى بولمايدۇ.

شۇنى نەزەرگە ئېلىش ھاجەتكى، تارىخ مەدەنىيىتىنىڭ قاتلاملىق راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قاتلام ئىككى جەھەتتىن — ماكان ۋە زامان جەھەتتىن تەشكىل تاپقان. بۇ مىللەت (دۆلەت) نىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ. ماكان (مىللەت ياكى دۆلەت) دېگەندىمۇ يەنە ئىككى جەھەت — مەھەللىي ۋە قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت گەۋدىسىنى نەزەردە تۇتىمىز.

ئىنسانىيەت )مىللەت ۋە دۆلەت) مەدەنىيىتى راۋاجلىنىشى مەيلى ئوڭۇشلۇق راۋاجلانغان ياكى ئوڭۇشلۇق راۋاجلانالمىغان ھالەتتە بولسۇن ئىجابىي ياكى سەلبىي جەھەتتىن يەنىلا سىڭىپ كىرىشتىك قاتلام قارىشىنىڭ ئىلمىيلىكىنى، بۇ خىل قاراش مەدەنىيەت راۋاجلىنىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

ئىنسانىيەت (مىللەت ۋە دۆلەت) مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ شۇ تۈپ قانۇنىيەت ئاساسىدا يەنە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مىللەت مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ تېرەنلىكى؛ جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ھەرخىل تارىخىي (ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى) مۇھىتىدىكى ھەر خىل تەسىرى؛ كىشىلەرنىڭ زامان ئېڭى ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇرگە بولغان مۇناسىۋىتى؛ يېتەكچى سىياسەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ قانداق سەۋىيەدە بولۇشى؛ مىللەت (دۆلەت) تەرەققىياتىنىڭ قايسى باسقۇچتا تۇرغانلىقى؛ تالانت ۋە ئەقىل ئىقتىدارغا بېرىلگەن ئېتىۋار ۋە سېلىنغان مەبلەغ؛ مىللەت (دۆلەت) روھىيىتىدىكى نۇقسانلارنىڭ تازىلىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىلەر يەنىلا ئارىلاشما قاتلام نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى تولۇقلايدۇ ۋە شۇ نەزەرىيە ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ.

(3)

نۆۋەتتە شەرقتىكى ئەڭ قەدىمقى مەدەنىيەتلىك ھەم شەرقتىكى ئەڭ ئۇزۇن بىكىنمىلىك ئىچىدە قالغان دۆلەت ئېلىمىز جۇڭگودا ئېچىۋېتىش قوبۇل قىلىش، ئىسلاھ قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان تارىخىي جەريان تېز سۈرئەتتە داۋام قىلدۇرۇلماقتا. بۇ جەريان يەنىلا مەدەنىيەت راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى سىڭىپ كىرىشتىك قاتلام نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يول بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. ئېلىمىز مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ تېرەنلىكى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، پارتىيە ۋاك-

جەمئىيەت-سىياسەتلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، ئەقىل-ئىقتىدارغا بېرىلگەن ئېتىۋارنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى، ھازىرقى زامان ئىلمىنى ئىگىلەش ۋە مىللەتلىرىمىز روھىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇش يولىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش، ئۇزۇن مۇددەت بىكىتىمە چاپلىنىپ كېيىنكى جەددىي ئىلگىرىلەش قىزغىنلىقى ئىلىمىزنىڭ ئۆز قىياپىتى ۋە سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىگە مۆلچەرلىگۈسىز ئۇتۇقلار كەلتۈرۈشى شۈبھىسىز.

خۇددى پارتىيىمىز ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق ناتوغرا قاراش، ئىدىيىلەرنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا دۇچ كېلىپ، بۇ مەسىلە پەقەت پارتىيە 11 - قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن رەسمىي كۈن تەرتىپكە قويۇلۇپ، ئۇلۇغ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئايلانغاندەك شىنجاڭنى ئېچىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش، ھازىرقى زامان ئىلمىنى ئىگىلەش، تارىخنى تەزەربە جەھەتتىن قايتا تەھلىل قىلىپ، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مالىيىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش مەسىلىسى ئۇنىڭغا سەلبىي جەھەتتىن مۇئامىلە قىلىپ، داۋاملىق كونىلىقنى، بىكىنمىچىلىكنى، قالاقلىقنى ساقلاشقا ھېرىسلىق قىلىدىغان قاراش ۋە ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە دۇچ كەلمەكتە.

ئۇلار شىنجاڭنىڭ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان مەشھۇر يىپەك يولى تۈگۈنى سۈپىتىدە تارىختا گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ۋە يوقىلىش مەنزىرىسىنىڭ ئارىلاشما قاتلام قاتلىمىنى بويىچە يۈز بەرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

ئۇلار شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى خارابىلاشقان، يوقىلىپ مەملىكەت بىكىنمىچىلىك ئاسارىتىگە دۇچار بولغان دەۋرلەردىكى چۈشكۈنلەشكەن ھالىتىنى ۋە بۇ ھالەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئېلىپ كەلگەن قاتماللىق ۋە ئۇچۇر بىكىنمىلىكى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قاششاق، قالاقلىقى، روھىيىتىدىكى كېسەل ھالىتىنى قايتا تەنقىدىي ئېچىپ كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

ئۇلار شىنجاڭدا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرى تارىخىدا خۇددى ئىنكار قىلىش دىئالېكتىكىسى قانۇنىيىتىدەك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيىتى ۋە مەڭگۈلۈك قىممىتىنى، بۇ جەھەتتە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا خاس ئالاھىدە زامان تېگى ۋە ئالاھىدە پائالىيەتچان بولۇشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئۇلار شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىنكى تارىخىي قاتلام ئىچىدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇردا ئارقىدا يىراقلاپ قالغانلىقىنى ئويلاپ كوردىمۇ؟ ئۇلار شىنجاڭنىڭ پەن-تېخنىكا ۋە زامانىۋى ئىقتىسادتا ئارقىدا يىراقلاپ قالغانلىقىدىن جىددىيلىك ھېس قىلامدىمۇ؟ ئۇلار شىنجاڭنىڭ مۇزىكا، تۇسول، دراماتورگىيە ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات-سەنئىتىدە يىراقلاپ قالغانلىقىدىن كەمزىس ھېس قىلامدىمۇ؟ ئۇلار

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جىسمانىي ساغلاملىقى ۋە ئىجتىمائىي سەھىيە جەھەتتە ئارقىدا يەقالاپ قالغانلىقىنى بىئاراملىق ھېس قىلمىشتىمىز؟ ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىكى ئۈزۈلمىگەن دەرىجىدە ساقلانغان مەھەللە-قەبىلىۋازلىق، پىتنە-ھەسەتچىلىك، ئاخمىقانە لاپچىلىق، ھەشەمەت—داغدۇغا ۋازلىق، قوپال ۋە ئىززەتسىزلىك، ئۆتمۈشكە چوقۇنۇش، پاتىرىئارخال ۋە نائۇرال تۇرمۇش رىتىمىگە ئىرىشەلمەسلىك، رىقابەت جەڭگىۋارلىقىنىڭ كەمچىللىكى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بىكىنمىچىلىك پىسخىك كېسەللىكلىرىدىن سەسكەنمەي، تومۇس ھېس قىلمىشتىمىز؟ ئۇلار تارىخنى قايتا توپلاش، بىكىنمىچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئەسىرلەر جەريانىدا چۆكمە ھاسىل قىلغان كېيىنكى تارىخىي قاتلامنىڭ ئۈستىگە يېڭى، زامانىۋى سىۋىلىزاتسىيىنىڭ مېڭىسى بىلەن قايتا راۋاجلىنىشنىڭ ئاجايىپ گۈزەل تارىخىي پۇرسەتنىڭ ھاسىل بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇنى قولىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى كۈتكەندەك قارشى ئېلىشىمىز لازىملىقىنى ھېس قىلمىشتىمىز؟ بۇنىڭدا كىشىلەر ياش-قېرى، ئەر-ئايال، خىزمەتتە ياكى پېنسىيەدە دەپ ئايرىماسلىقى كېرەك!

دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، جۇڭگو جۇملىدىن شىنجاڭ ئۆزگەرمەكتە. تارىخ ھەر قېتىملىق غايەت زور بۆسۈش ۋە سەكرەش ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتكە، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەتكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، مىللەت تارىخىي كاتېگورىيە سۈپىتىدە ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەتكە، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك مەدەنىيەتكە ئارمونىك مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى دائاملىق جاكارلاپ تۇرىدۇ. بىر خىللا مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مىللىي (دۆلەت) ياكى يەرلىك مەدەنىيەت ئۆتمۈشنىمۇ، ھازىرنىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ ئۆز سايىسىدىن ھالقىغان مەدەنىيەتلىكتىن ئۆزگەرتمەيدۇ. خەلقئارا مەدەنىيەت ئۆتمۈشنىمۇ، ھازىرنىمۇ، كەلگۈسىنىمۇ مىللىي (دۆلەت) ياكى يەرلىك مەدەنىيەت سەمىرىتىدىن ئۆزىنى ئۈزىدۇ، يېيىشىدۇ، جۇلالاشتۇرۇۋېلىدۇ. ئۇ ماكان جەھەتتىن سىنكرېت بولىدۇ، ئۇنىڭدەك زامان جەھەتتە يېڭىچە قاتلام، يېڭىچە سەۋىيە، يېڭىچە ئوربىتا ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى تارىخىي قارىشىمىز

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

نۇرمەھەممەت زامان

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمۇ ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىرقانچە قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر ھازىرقى زاماندىكى يازغۇچىلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا بىر يېڭى سەھىپە ئاچتى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنى قېزىش، رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇپ يېزىپ چىقىش مۇھىم ئىشلار قاتارىغا ئۆتكەندىن كېيىن، تەتقىقات چوڭقۇرلىشىپ، بەزى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش، پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. تالاش-تارتىش، بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ قانات يېيىشى، تەرەققىياتتىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى پاكىت، قانۇنىيەت، تارىخ ئەنە شۇنداق مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئايدىڭلىشىدۇ. ئەمما بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇنىيەتنى تېپىشتا ئالدى بىلەن كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا، بىرلىككە كېلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىمۇ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر تۇرماقتا.

مەملىكىتىمىزدە خېلى كۆپ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە تەتقىقاتى بۇرۇنلا باشلانغانلىقى ئۈچۈن بەزى مەسىلىلەر ئۇلاردا ئاساسەن ھەل قىلىنىپ بىرلىككە كەلگەن. بىزدە بولسا بۇ تەتقىقات ئەمدىلا قولغا ئېلىنغانلىقى تاكى بۈگۈنگە قەدەر بۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرەر ئىلمىي جەمئىيەت تەسىس قىلىنمىغانلىقى، مەخسۇسلاشقان قوشۇن شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بەزى پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردىمۇ پىكىر، كۆز قاراشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولماي كەلدى. گەرچە بەزى ئالىي مەكتەپلەر، تەتقىقات ئورۇنلىرى ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئاز تولا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ لېكىن شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇ كەسىپنىڭ كىشىنى قايىل قىلالىغۇدەك داۋالى، پاكىت ۋە

ئاساسلار بىلەن جاۋاب بېرەلەيدىغان شارائىتى تېخى يوق. جاۋاب بەرگۈچىلەر بار دېيىلسە، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىسى، كۆز قارىشى، بىلىمى بويىچە جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەققىدىكى پەرىزى ياكى چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ئۆزەرەك جاۋاب بېرىش بىلەن چەكلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ژۇرناللاردىكى مۇھەررىرلەرمۇ بۇ جەھەتتە بىر قەدەر سىستېمىلىق بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولمىغاچقا بەزەن خاتا ئۇقۇم، خاتا پىكىرلەرنىڭ «كۆۋرۈك» تىن ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويسا، بەزىدە «كىمشىلەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش» نۇقسانلىرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالغان، سەزسىمۇ بۇنىڭغا سەل قارىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. دۇرۇس، بەزىلەر جاپالىق ئىزدىنىپ، ئاپتور ۋە ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش، تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ماقالىلارنى يېزىپ، ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشتى. يەنە بەزىلەر بولسا، سەل ئېھتىيات بىلەن ئىمكانىيەت قالدۇرۇۋېراق سۆزلىمەي، تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ تەخمىنەن ھۆكۈم چىقىرىپ، رېئاللىقنى چەتنەش، بىر تەرەپلىمىلىك خاتا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاللىقاچان بىرلىككە كېلىپ ئومۇملىشىپ بولغان ئۇقۇم، كۆز قاراش ئاتالغۇلارنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭكىنى راست قىلماقچى بولۇشتى. بۇ خىل خاھىش ئەدەبىياتىمىزنى ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، تارىختا ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا باھالاش، بېكىتىش دەۋرلەرگە ئايرىپ يېزىپ چىقىشىمىزغا پايدىسىز. ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى توغرا چۈشىنىشىمىزنى مۇجمەللەشتۈرىدۇ.

تۆۋەندە بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۈستىدىكى كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. مېنىڭ قارىشىمنىڭمۇ ئەۋەندىن خالىي بولۇشى ناتايىن. تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تەنقىدىي پىكرىنى قارشى ئالىمەن.

بىرىنچى، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ نامىنى نېمە دەپ ئاتاش مەسىلىسى.

بۇ مەسىلىدە مەتبۇئات يۈزىدىكى ئاتالما بىردەك ئەمەس. بەزى مەتبۇئاتلاردا «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دەپ ئېلىنسا، بەزى مەتبۇئاتلاردا «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ.

جۇڭگو ئەدەبىياتى (ئەمەلىيەتتە خەنزۇ ئەدەبىياتى) نىڭ مۇشۇ دەۋردىكى نامى ئاللىبۇرۇن مۇقىملىشىپ بولغان، يەنى 1919 - يىلىدىكى 4 - ماي ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىدىن 1949 - يىلى دۆلىتىمىز ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان ئەدەبىيات دەۋرى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىپ، مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئالىي ئورگاننىڭ نامىنى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى» دەپ ئاتىماقتا. (مۆرىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيكى، شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا بۇ ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ شۆبە تارماقلىرى ئاساسەن تەسىس قىلىنىپ بولدى. ۋەھالەنكى شىنجاڭدا ئۇنىڭ شۆ-

بىسى قۇرۇلۇش بويىچە تۇرسۇن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدىكىلەردىن بىرەرسىمۇ بۇ مەملىكەتلىك ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى ئەمەس) باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر «موڭغۇل هازىرقى زامان ئەدەبىياتى» «يەي مىللىتى هازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «تۇجىيا هازىرقى زامان ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىماقتا. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىمۇ ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتى، قازاق سوۋېت ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتى دەپ ئاتالۋاتىدۇ. ئۇيغۇرچىدىمۇ مۇشۇ بويىچە ئاتالسا گراماتىكا جەھەتتىن توقۇنۇش كېلىدىغان جاي يوق. مېنىڭ قارشىمچىمۇ بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دېگەن نام ئالدىغا قويۇلۇشى، ئۇنىڭ قايسى دەۋرگە مەنسۇپ ئەدەبىيات ئىكەنلىكىنى يەنى ۋاقتىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن «هازىرقى زامان» دېگەن ئېنىقلىما بېرىلىشى ،شۇنىڭ بىلەن خۇددى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو هازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «رۇس سوۋېت ئەدەبىياتى» دېيىلگەندەك «ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىشى كېرەك. يەنە بەزىلەر «هازىرقى زامان» دېگەننىڭ ئورنىغا «يېڭى زامان» دېگەن نامنى قوللىنىۋاتىدۇ ۋە مۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق دەپ ئاتاشتا چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنلا ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆكتەببىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭى هاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىياتنى «يېڭى زامان ئەدەبىياتى»، «سوتسىيالىستىك سوۋېت ئەدەبىياتى» دەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز بولساق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1949-يىلى يېڭى هاياتقا ئېرىشتۇق. شۇڭلاشقا ئازادلىقتىن كېيىنكى دەۋرنى «يېڭى زامان» دەپ ئاتايمىز، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنى «يېڭى دەۋر (زامان) ئەدەبىياتى» دەپ ئاتايمىز. تەرجىمانلىرىمىز 现代 دېگەننى «يېڭى زامان»، «بۈگۈنكى دەۋر» ياكى «مۇشۇ دەۋر» دەپ تەرجىمە قىلىشتى. بۇنداق ئاتاش بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزگە، ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ «4-ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى باشلىنىش مەسىلىسى

هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەيەردىن باشلانغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل پىكىر ۋە كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر هازىرقى زامان دېگەن مۇشۇ زامان بولىدۇ، ئازادلىقتىن كېيىنكىسىنى هازىرقى زامان دەيمىز دېيىشىدۇ؛ بەزىلەر 1919-يىلى 4-ماي ھەرىكىتىدىن كېيىنكىسىنى هازىرقى زامان دەيمىز دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولسا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن هازىرغىچە ئارىلىقتىكىنى يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتى دەيمىز دەپ چۈشەندۈرۈپ ماقالىلار يېزىۋاتىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1956-يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى يېزىش ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرنەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلدى، نۇرغۇن ئىقتىسادى، ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ جەمئىيەت تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. مەخسۇس يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، دەسلەپكى لايىھەلەرنىمۇ يېزىپ چىقتى. بۇ لايىھەلەردىكى كۆز قاراشلارمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى قۇرۇلغان 1921-يىلىدىن باشلىنىدۇ، دەيمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتى. بىر قەدەر سىستېمىلىقراق تۈزۈلگىنى 1980-يىلى «ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەدەبىيات تەتقىقات گۇرۇپپىسى» تەييارلىغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ماۋزۇلۇق «پىكىر ئېلىش لايىھەسى» بولۇپ، بۇنىڭدا «يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى باسقۇچى 1919-يىلىدىن «4-ماي» ھەرىكىتىدىن تارتىپ 1949-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 30 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېيىلگەن.

دۇرۇس، ئۇستازلىرىمىز 1917-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆتۈرۈلگەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ۋەتىنى ۋە مىللىتىنى ئازاد قىلىشنىڭ يېڭى يولى دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا سوۋېت ئەدەبىياتى، رۇس ئەدەبىياتى، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشنى رېئالىستىك ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى، لېنىننى مەدھىيىلەش، خەلقىمىزنى سوۋېت پرولېتارىياتىدىن ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. بىراق، بارغانسېرى كۈچىيىپ ئۇلغىيىۋاتقان ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر شىنجاڭغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ياڭ زېڭشىننى قاتتىق ئەندىشە ۋە ساراسىمىغا سېلىپ قويدى. سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا «جەننەت» پەيدا قىلىۋالغان مۇستەبىت خاقان ئەگەر ئىنقىلاب دولقۇنى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە كېڭىيىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4-ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىنى توستى. «قەتئىي چەكلەش»، «جايىغۇدەنى ئېتىۋېلىپ ئۆزىنى قوغداش» تەدبىرىنى قوللاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە نەشر قىلىنغان گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشنىمۇ توختىتىۋەتتى، سىرتتىن كەلگەن خەت-چەكلەرنىمۇ جاڭجۇن يامۇلىغا ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزى بىۋاستە كۆرۈپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەنلىرىنى باستۇرۇپ قويدى، ئۆتكەنلىرىنى پوچتىغا ئەۋەتتى. ياڭ زېڭشىن ماقالە ئېلان قىلىپ: «گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تارقىلىشى كىشىنى ئاسان يولدىن ئازدۇرىدۇ، پوچتا تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىدە يوچۇق بولماسلىقى لازىم» (ياڭ زېڭشىن «تۈۋە-ئىستىقبال خاتىرىسى» 9-جىلد) دەپ تەكىتلىدى.

دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلابى، ئەدەبىيات ئىس-

لاھاتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋردە شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. بولۇپمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي دولقۇن بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، «4-ماي»ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە ئەدەبىيات ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىش مۇشۇ مەزگىللەردىكى شىنجاڭ ئىنقىلابىي تارىخىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمۇ چوڭقۇر زىيان سالدى. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەب تۈپەيلىدىن شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئەدەبىيات ۋە مائارىپ ساھەلىرىدە ئىنقىلاب ئىسلاھاتىنى قوزغايدىغان كەسكىن بەس-مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇپ ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، فېئوداللىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى تىكلەشنى مەزمۇن ۋە مەقسەت قىلغان داغدۇغىلىق، كەڭ-كۆلەملىك ۋە كۈچلۈك ئىنقىلابىي ھەرىكەت شەكىللەنمىدى. ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتى، ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق تۇرسا، يەنە قانداق قىلىپ بۇ ئەدەبىيات تارىخىنى «4-ماي» دەۋرىدىن باشلاندى دېگىلى بولسۇن؟ بۇنداق ئايرىش ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى تەرەققىياتىغا ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ قايسى دەۋردىن باشلىنىش مەسىلىسى.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈش توغرىسىدا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا تۇرغۇزۇلغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇنىڭ پرىنسىپلىرى بېكىتىلدى، ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈشتە ئالدى بىلەن مەقسەت ئېنىق بولۇشى كېرەك. بۇ مۇھىم مەسىلە. مېنىڭچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈشتىن مەقسەت ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئىچكى قانۇنىيىتى تەرەققىيات جەريانى، يۆنىلىشى ۋە بۇ جەرياندا مۇھىم رول ئوينىغان يازغۇچىلار، ئەسەرلەر ۋە باشقا ئەدەبىي ھادىسىلەرنى تارىختا كۆرگۈزۈش؛ ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتتە مۇئەييەن سىنىپقا مەنسۇپ بولۇپ، بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۈستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىدىكى سىياسىي، پەلسەپە، ئەخلاق، دىن، تارىخ قاتارلىق پەنلەر تەرەققىياتى بىلەن بولغان قويۇق تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ بۇ ئەدەبىيات تارىخىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈش، شۇ ئاساستا مۇكەممەللەشكەن بىر ئەدەبىيات دەۋرى تەشكىللىنەلىگەنلىكىنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

قانداق قىلغاندا تارىخىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە بىر قەدەر ئۇيغۇن بولغان

ئىلمىي يەكۈن چىقارغىلى بولامدۇ؟ بۇ مەسىلىدە مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي كۈرەشتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، دەۋرروھىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق كېرەك.

2. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىي خاھىشچانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىش لازىمكى، ھەرگىزمۇ دورامچىلىق قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى رامكىسى ئىچىگە سىلىپ ئۇلار قانداق بۆلگەن بولسا شۇ بويىچە دەۋر، باسقۇچلارغا بۆلۈشكە بولمايدۇ.

3. دەۋرلەرگە بۆلۈش جەمئىيەت ۋە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ رېئال، كونكرېت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشى، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخى، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى كېرەك.

4. بىر مەزگىل سىياسىي ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ، ئەدەبىيات تارىخى ئىنقىلاب تارىخىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى، سىياسىيلىق زور سالماقنى ئىگىلەپ كېتىپ، ئەدەبىيات تەركىبى سۇسلىشىپ كەتتى. ئەمدى تارىخنىڭ قىياپىتىنى بۇرمىلىماي راستچىللىق بىلەن سۆزلەش، ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشى ۋە ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش تۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ تەرەققىيات ئەدەبىياتقىمۇ يېڭى مەزمۇن، يېڭى تېما بېرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. تەرەققىياتقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئەدەبىيات دەۋرنىڭ روھىنى ئۆزىدە ئىنكاس قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئەسىرنىڭ باشلىرىغا نەزەر تاشلىساق، شىنجاڭنىڭمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زوراۋانلىقى، جاھالىتى ئاستىدا ياتقانلىقىنى كۆرىمىز، زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقى ئېشىپ زۇلۇمغا قارشى مىللىي كۈرەش كەينى-كەينىدىن پارتلاپ چىقتى. چوڭ-چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. 1911-يىلى تۇڭ مېڭخۇي (سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 1905-يىلى ياپونىيىدە قۇرغان ئىنقىلابىي تەشكىلات) نىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بولغان ليۇ جيەنشۈن باشچىلىقىدىكى ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى پارتلىدى، ئاندىن ئىلى رايونىدىكى ئىنقىلابچىلار تەشۋىقات، جامائەت پىكرى تەييارلاش ئىشلىرىنى جىددىي ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغىدى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، مانجۇ ۋە موڭغۇل تىللىرىدا «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» نى چىقىرىپ، ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلدى. ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيىسى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ 1912-يىلى 7-يانۋار قوزغىلاڭ كۆتەردى ھەمدە 10-يانۋار شىنجاڭدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، زاڭزۇ قاتارلىق بەش مىللەت ئورتاق ئالغا بېسىش جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى. ئىلى ۋە شىنخەي ئىنقىلابى-

نىڭ غالىبىيىتىدىن ئىلھاملانغان قۇمۇل خەلقى 1912 - يىلى مارتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ھەيۋەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى. پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، رومانى باش يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «تۇنجى چاقماق» ناملىق رومانلىرىدا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قۇمۇل ۋە خوتەندە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا بولغان تەسىرى گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ رومانلاردىكى ۋەقەلەر- نىڭ بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن ھالدا بايان قىلىنىشى، شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلى- دىكى شىنجاڭنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى ۋە ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقى- لاب كۈرەشلىشىشكە باشلىغان تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قۇمۇل ۋە خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تۈرتكە بولغان- لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتلىغان قوزغىلاڭ- لار شىنجاڭ ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە ئەدەبىيات تەرەق- قىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئەدەبىياتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىپ، ئىلى رايونىدا «ئىلى شىنخەي ئىنقىلابى» توغ- رىسىدا، قۇمۇلدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ سەركەردىسى تۆمۈر خەلپە ھەققىدە، قەشقەردە ماتەم-ئىنىڭ زۇلۇمىنى پاش قىلىدىغان جەڭگىۋار قوشاقلار، ساتىرالار مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ دەۋردە ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە پائالىيەتلىرى خوتەندە مەيدانغا كەلگەن «ئابدۇراخمان خان خوجا»، قەشقەردە ئوتتۇرىغا چىققان «سېيىت نوچى»، قۇمۇلدا توقۇلغان «تۆمۈر خەلپە» قاتارلىق داستانلاردا، خەلق قوشاقلىرى ۋە لەتىپىلىرىدە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئوبرازلىق ھالدا گەۋدى- لەندۈرۈلگەن. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساس ۋە جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ ۋۇجۇدقا كېلىش بىلەن ئالدىنقى ھەرقانداق دەۋر- دىن پەرقلەندى. ئۇ يەنە مەزمۇن، شەكىلنى يېڭىلاپ قالماي، ئۇسلۇب، ژانىر تىل جەھەتتىنمۇ بېيىدى. كومپوزىتسىيە جەھەتتىن ئىنتايىن ئىخچام تۈزۈلۈپ، خەلق تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەردە خەلقىمىزنىڭ باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، قورقماسلىق، پەم-پاراسەتلىكلا ئەمەس، يەنە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرى، غايىسى دەۋر روھى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەدەبىيات خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدە- بىياتىغا ئايلانغان. بەزى خەلقچىل ئەدەبىيات بولالىغان مانا بۇلار دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئالامەتلەردۇر

ئەدەبىيات تارىخىمىزنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە بەزىلەر «12 - ئاپرېل» ۋەقەسىنى ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاب دەپ قارايدۇ، «12 - ئاپرېل» ۋەقەسى پەقەت جىنشۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭشىسەينىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇنى دەۋر بۆلگۈچ

ئىنقىلاب دېگەنلى ۋە ئۇنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ ئەدەبىيات تارىخىمىزنى كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئەدەبىيات دەپ ئىككى خىل خاراكتېرگە ئايرىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ئۆز ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارغا ئاساسەن، كونكرېت ئەھۋالى بويىچە بۆلگەن، مەسىلەن: بەي مىللىتى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئازادلىققا قەدەر دەپ بېكىتكەن. ناشى مىللىتى 1921 - يىلىدىن 1949 - يىلغىچە، زاڭزۇلار 1919 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە دەپ بېكىتىشكەن. بىزمۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا كۆرۈلگەن دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش ۋە يۈكسىلىشكە ئاساسەن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى شىنخەي ئىنقىلابى دەۋرىدىن باشلانغان دېسەك بولىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالىمىزدىن شۇنداق دېيىشكە ھەقلىق ئىكەنلىكىمىز كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئەدەبىيات تارىخى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ خەلقىمىز ئاسارەتتىن قۇتۇلغان 1949 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنداق ئايرىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىش، تەرەققىي قىلىش تارىخىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھەمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ بوران - چاپقۇنلار بىلەن تولغان، مەزمۇنى ئىنتايىن باي كۈرەش دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات تارىخىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە بايان قىلىشقا قولايلىق بولىدۇ.

# ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ بەدىئىي قامۇسى

ئابدۇللا مەتقۇربان

پېشقەدەم يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تارىخىي رومانى «سۇتۇق بۇغراخان»نى مۇبالىغىسىز ھالدا مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىنىڭ ئېپوسى ۋە بەدىئىي قامۇسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەر ھەقىقىي مەنىدىكى ئېپوسلۇق خۇسۇسىيەتكە ۋە مۇكەممەل بىر بەدىئىي قامۇس ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدا مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ بۇندىن ئون ئەسىر ئىلگىرىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىدېئولوگىيە، ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسى، ھەربىي فېئوداللىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىچكى ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى، ئىلىم-پەن ۋە ماتېرىيال جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، قانۇن، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق، سەنئەت ۋە گۈزەللىك قاراشلىرى ئىلمىي-سەمىمىي مۇئامىلە، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە، تەلەپچانلىق بىلەن ئىزدىنىش روھى، كۈچلۈك بەدىئىي دىت ۋە قىزغىن ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتى، ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنىنى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن ئىزاھلاشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتابخانلىرى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرى بىلەن 40-يىللارنىڭ بېشىدىن ئارتىپلا تونۇش. ھازىرقى ۋاقىتتا 35 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان كىتابخانلار ئارىسىدىمۇ ئۇنىڭ «بىرغىدا سادالىرى»، «تۇنجى پويىز ئاۋازى» قاتارلىق توپلاملىرىدىكى شېئىر، ئەسەرلىرىنى، «ئامانىسساخان» ناملىق تارىخىي درامىسىنى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى ئوقۇمايدىغانلىرى يوق دېيەرلىك. ياش كىتابخانلار ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ نامىنى ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ «قىزىل لاچىن» دېگەن ئەسىرى بىلەن تونۇيدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 40 يىلدىن ئارتۇق بەدىئىي مەشقىنىڭ، بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ، بەدىئىي چېنىقىشىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىنىڭ قۇرۇلمىسى گۈزەللىكى، ۋەقەلىكلەر، تەپسىلاتلار ۋە ئېپىزوتلارنىڭ، شۇنداقلا شەخسلەر خاراكتېرىنىڭ بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىنىشى، پېرسوناژلار روھىي دۇنياسىنىڭ ئېچىپ بېرىلىشى قاتارلىقلارنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئەسەرلىرىدىكى ئوخشاش تەرەپلەر بىلەن سېلىشتۇرساق (گەرچە ئۇلار باشقا تېما ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەر

بولسىمۇ)، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزكۇر رومانىنى يېزىش ئۈچۈن كۆرۈلگەن بەدىئىي تەييارلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

«سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئۈچىنچى خاقانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يوسۇن بويىچە ئۆزىگە تېگىشلىك پادىشاھلىق تەختىنى قارا نىيەت تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ تارتىپ ئالغاندىن تارتىپ، ئۇنى تۇنجى ئوغلى بايتاشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنگىچە بولغان يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش سۇتۇق بۇغرانى مەركەز قىلغان ھالدا ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. تارىخىي شەخس سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يارقىن ئوبرازى يارىتىلغاندىن باشقا، ئالىپ ئارسلان، ئىلىك تۇسناز، باتۇر تاغا، ئايدىڭ، بۇلتۇز، قۇندۇز، قىلىچ، ئەركىن، قاۋۇل، ئەل ئوغلى قاتارلىق باھادىرلارنىڭ شانلىق ئوبرازلىرىمۇ يارىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللىتىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئەنئەنىسىگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. ئوغۇلچاق، بەگ بىلگە، ساۋۇق بەگ، تېكىن ئاغىچى، پالتۇ بەگ، بەردى بايلارنىڭ مۇرەككەپ ئوبرازلىرىمۇ يارىتىلىپ، ئۇلارنىڭ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ھامىيسى، ئىلغارلىقنىڭ دۈشمىنى ۋە جاھىللىقنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكى پاش قىلىنىدۇ. مەنسۇر شاھ، ئەبىز ئىبراھىم ۋۇجۇدىدىكى ناچاۋۇزچىلىق ۋە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىك ئەيىپلىنىدۇ.

مەزكۇر روماندا كىتابخان قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان تۈزگۈن تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىلىرى بار. بۇنداق ھېكايىدا ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ مۇھەببىتى گەرچە كۆپ ھاللاردا سەممىي، قىزغىن، ساپ ھېسسىيات ئاساسىدا قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن سۇتۇق بىلەن ئايدىڭنىڭ، ئارسلان بىلەن يۇلتۇزنىڭ، قاۋۇل بىلەن مەردانەنىڭ مۇھەببىتى كىتابخانغا كىشىلىك ھاياتنىڭ چەكسىز سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بېغىشلىسا، ئىلىك بىلەن ئىپار گۈلنىڭ مۇھەببىتى گەرچە ئىككى ياشتىكى سۆيگۈ ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى بولسىمۇ، ئىپار گۈلنىڭ ئىلگىرىكى قانلىق سەرگۈزەشتىسى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. قوچقار بىلەن لالەخاننىڭ مۇھەببىتى كىتابخانغا بىر خىل يېنىك يۇمۇرىستىك تۇيغۇ بېغىشلىسا، مەنسۇر شاھ ئوردىسىدىكى ئاختا قىلىۋېتىلگەن زامان قۇل بىلەن تىللى كېسىۋېتىلگەن ماھىباتۇنىڭ ئېچىنىشلىق مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىدىن كىتابخان قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئاپتور يۇقىرىقى شەخسلەرنىڭ ھېكايىلىرى، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالدا بىرلىشىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بۇ شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن ھەقىقىي مۇھەببەتنى، گۈزەللىككە ئىنتىلىش روھىنى نامايەن قىلىدۇ. مۇھەببەتكە ئىنتىلىشنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئىسپاتلايدۇ.

روماندا ئەشۇ دەۋرنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك زىددىيەتلىرى ئىپادە قىلىنىدۇ. ئەشۇ دەۋرنىڭ تۈپ زىددىيىتى كاتېگورىيىسىگە تارىخچىلار بىلەن ئېكىنارلار ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت، ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، تاجاۋۇزچىلىق
بىلەن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارلىقلارنى كىرگۈ-
زۈشكە بولىدۇ. خۇددى تارىختا ئېتىراپ قىلىنغىنىدەك قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سۇ-
تۇق بۇغراخان دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئىلگىرىكى ھەرقايسى
دەۋر ۋە خانلىقلارغا قارىغاندا زور ئىسلاھات، زور بۇرۇلۇش ۋە زور يۈكسىلىش ئىش-
قا ئاشۇرۇلغان دەۋر بولغان. روماندىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، سۇتۇق بۇغراخان
قاراخانىلارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە، بىرىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا [پۈتكۈل
ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا ئىلغار دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئىسلام دىنىنى
دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى (پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىنىپ دۆلەت قانۇنىغا كىرگۈ-
زۈلگەن، ئەمما تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلمىغان)؛ ئىككىنچىدىن، ماچىن، ئىدىقۇت پادىشاھ-
لىقىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتكۈل ئىككى دەريا ۋادىسىغىچە بولغان جايلار-
دا پارچە كېنەزلىك ھالىتىدە تۇرىۋاتقان تۈرك ئۇلۇسلىرىنى قاراخانىلارنىڭ «توققۇز
پۇتاقلىق دۆلەت بەلگىسى» چۈشۈرۈلگەن دۆلەت تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشتۇردى ۋە دۆ-
لەتنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى چەتتىن كەلگەن ھەرقانداق ياغىغا تاقابىل تۇرالىغىدەك
دەرىجىدە كۈچەيتتى؛ ئۈچىنچىدىن، قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە قۇلدارلىقنى يو-
قاتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇتۇق بۇغراخان «45 يىللىق خانلىق مەزگىلىدە
قىلغان بۇ ئۇلۇغ ئۇلۇغلار ئىشلىرى ئۈچۈن ... ئۇيغۇر ئېلىنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئۇلۇغ قارا-
خان، ئەلگە قۇتاتقان ئۇلۇغ بۇغراخان» (روماننىڭ 989-بەتكە قارالسۇن) دەپ ئاتالدى.

بىزگە مەلۇم، مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىدا دىن-
ئەقىدىنى بىرنەچچە قېتىم تاللىغان. ھەر قېتىم بىر دىندىن باشقا بىر دىنغا كۆچ-
كەندە، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدا، ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيىتىدە يېڭى بۇرۇلۇش
ۋە سەكرەش ھالىتى شەكىللەنگەن. بەزى دىنىي ئەقىدىلەر ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇلارنىڭ
تۇرمۇش ئادىتىنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرىگە ئايلانغان بولسا، بەزى دىنىنىڭ يادىكارلىقلىرى
مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ
قالغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مىللىتىمىز تارىختا ئېتىقاد قىلغان ھەرقانداق دىنىنىڭ
شۇ كونكرېت شارائىتتا ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئوينىغان ئىجابىي
رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ توتېمىزم دەۋرىدىن ئىسلامىيەت-
كىچە بولغان ئېتىقاد تارىخى، بۇ ئۇزاق جەرياندا شەكىللەندۈرگەن ئۆرپ-ئادەت
ۋە مەدەنىيەت قاتلاملىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. قاراخانىلار دەۋرىدە سۇتۇق بۇغ-
را ۋەكىللىكىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈشى ۋە ئىس-
لام دىنىنىڭ قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە تەدرىجىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى خەلقىمىزنىڭ
ئېتىقاد تاللاش جەريانىدا ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگىرىشتىن ئىبا-
رەت. ئەينى ۋاقىتتا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈشى ۋە

ئۇنى كېيىنچە دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەنلىكى، خەلقىمىزنىڭ بىر خىل ئېتىقادتىن
يەنە بىر خىل ئېتىقادقا كۆچىشى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىدېئولوگىيە، مائارىپ ۋە پەن-
مەدەنىيەتتە يەنە بىر يېڭى سىزىققا سەكرىشى ھېسابلىنىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئېتىقادتىن
ئىبارەت نازۇك مەسىلىدە بۇ قېتىمقى تاللىشىنى چۈشۈنۈش قىيىن ئەمەس.

ئىسلام ئەقىدىسى ئەينى ۋاقىتتا غەربىي ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەر ئۈچۈن
يېڭىلىق ھېسابلانمىسىمۇ، تېخىچە يېرىم قۇلدارلىق ھالىتىدە ياشاۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ئۇيغۇر-تۈرك ئۇلۇسلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ئىنقىلابلىقى بىلەن بىر خىل
يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئەزەلدىنلا مىللىتىمىز پىسخىكىسى ۋە خاراك-
تېرىدىكى ئەسىل پەزىلەت ئىدى. مىللىتىمىز ئىسلام دىنى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا
بۇ دىن ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا ھەتتا دۇنيا مىقياسىدىمۇ ئىلغار دەپ ئېتى-
راپ قىلىنغان ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشتى، بۇ ئىلغار
مەدەنىيەتنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇردى. بۇنىڭ
بىلەن بۇددا مەدەنىيىتىدىكى مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىدىن ماكاندا
كەڭلىكنى ئاساس قىلىدىغان ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەۋزەل كۆردى. بۇددا ئەقىدىلىرىدى-
كى تىۋىرسىمان پەرىزلەر تۈپەيلىدىن روھىي دۇنياسى بۇرۇختۇم بولۇپ، تەپەككۇرى
چەكلىمىگە ئۇچرىغان كىشىلەر بىر قەدەر ساپ بولغان ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى ئازادى-
لىككە تەبىئىي ھالدا تەلپۈندى. مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇددا
مەدەنىيىتى يېپىق ھالەتتىكى، ئىسلام مەدەنىيىتى ئوچۇق ھالەتتىكى مەدەنىيەت ئىدى.
ئېتىقادتىكى ئازادىلىك بىلەن مەدەنىيەتتىكى ئوچۇقلۇق قەدىمدىن ھازىرغىچە مەنىۋى
جەھەتتە ئازادىلىك بىلەن تەرەققىيلىككە ئىنتىلىدىغان مىللىتىمىزنىڭ تەپەككۇرى بىلەن
روھىي دۇنياسىغا تەسىر قىلىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى تاللىشىغا سە-
ۋەبچى بولىدى. نەتىجىدە ئىسلام ئېتىقادىدىكى بەزى تەركىبلەر ئېتىقادتىن ھالقىپ،
مىللىتىمىزنىڭ تەپەككۇرىغا، پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆرپ-
ئادەت شەكلىنى ئالدى. قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەۋەسىدە قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنى-
نى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئىگىلىگەنلىكى، بىر تەرەپتىن، دۆلەتنە فېئوداللىق ئىگىلىك
تەرەققىياتىنىڭ قۇلدارلىق ئىگىلىك تەرەققىياتىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى كەلتۈرۈپ
چىقارغان تەبىئىي ھالەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق سەكرەشنىڭ ئورۇنلىنى-
شىدا ئېتىقادنىڭ يېڭىلىنىشىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. چۈنكى ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىش ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئېتىقاد ئەينى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي
ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن گۈللىنىش ھاسىل
قىلغان فېئوداللىق ئۇستقۇرۇلمىغا زىچ ماسلىشىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى تېز
ۋە زور يۈكسىلىش ھاسىل قىلدى. شۇڭا بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈش مىللە-

مىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دۆلەت تەۋەسىدە قۇلدارلىقنى يوقاتقانلىقى ئىزچىل ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىدېئولوگىيىسىدە تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن جەمئىيەتتە خوجايىنلارنىڭ كۆڭۈل-دېدەكلەرنى خالىغانچە ئېلىپ-سېتىشى ۋە ئۆلتۈرۈشى مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكى قۇلدارلار يېڭى تارىخىي شارائىتتا باشقىچە نىقاب بىلەن يەنىلا خوجايىنلىق ئورنىدا قېلىۋەردى. ئىلگىرىكى كۆڭۈل-دېدەكلەر ئەندى ئېكىنچىلارغا يەردىن ئىبارەت ماددىي ۋاسىتە ئارقىلىق مەڭگۈلۈك بېقىندا بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا ئىككى قۇتۇپنىڭ پەرقى بارغانسېرى زورايدى. ئەمما بۇ خىل پەرقنى ئەينى ۋاقىتتا بىراقلا تۈگىتىپ، كۆپچىلىكنىڭ كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان ئەركىنلىك ئاساسىدىكى جەمئىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش قانداقتۇر بىر قەھرىماننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ چاغلاردا ئەۋج ئالغان ئاچاۋۇزچىلىق بىلەن ئاچاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش، ماھىيەتتە فېئوداللىق ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ۋە ئۇنى قوغداش كۈرىشى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ مۇھىم شەكلى ئىدى. بۇ كۈرەشنىڭ غالىبىسى ئومۇمەن ھەربىي كۈچكە تايىنىپ قولغا كەلتۈرۈلەتتى. ۋاھالەنكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن تەبىئىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىنى تېخى تولۇق قامدىيالمايدىغان بىر شارائىتتا، ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەڭسىزلىكنى زورلۇق كۈچ بىلەن يوقىتىشقا بولمايتتى. بۇنى مەخسەت قىلغان ئىرادىلەر ئومۇمەن ئىشقا ئاشمايتتى، چۈنكى ئۇ چاغدا فېئوداللىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەركىنلىك پرىنسىپى ئاساسىدىكى غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ياكى دۇنيا خاراكتېرلىك، ياكى رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. فېئوداللىق تۈزۈمدىنمۇ ئىلغار بولغان ئىجتىمائىي فورماتسىيە قىسمەن كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن باشقا، رېئاللىقتا تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پۈتكۈل «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا باشتىن ئاخىرى بۈيۈك بىر ئىسلاھاتچى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدىغان سۇتۇق بۇغراخان بۇ مەسىلىدە چوڭقۇر باش قاتۇرىدۇ. سۇتۇقنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى ئەسلىدە «ئەركىنلىك، تەڭلىك، پاراۋانلىق، قوغدىنىشنى ئورۇنلاش» (رومان 164-بەت) تىن ئىبارەت بولسىمۇ، بۇغراخان يوللىرىنى ھەتتا دۆلەت قانۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا سانسىزلىغان بارىنچى ئانىلار زالىملارنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا ئىڭرايدۇ، ھېسابسىز نارەسىدە بوۋاقلار پەلتۇ بەگدەكلەرنىڭ كالتىكى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، قانچىلىغان مەردانىلار ئۆكتەم بايلار تەرىپىدىن خانىۋەيران

بولىدۇ ... ئاپتور بۇ مەزمۇنلاردا فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي جىنايەتلەر ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ.

«سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا بۇغراخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى يىپ ئۇچى قىلىنىپ، «ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، باسمىل، تۈركەش قاتارلىق ئۇلۇسلار ...» (رومان 459-بەت) ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى 20 گە يېقىن چوڭ-كىچىك شەھەرنىڭ بىرلىشىشى تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا ئۇنىڭدا خاراكتېرى ئېنىق بولمىغان نۇرغۇن شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئىلىكنىڭ ئوبرازى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىگەن مەزمۇننىڭ موللۇقى ۋە خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

رومانىدىكى بارلىق زىددىيەت-توقۇنۇشلار سۇتۇقنى مەركەز قىلىدۇ، بارلىق ۋەقەلىكلەر سۇتۇقنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلىدۇ. بۇ ھال، سۇتۇقنىڭ مەركىزىي ئەسەردىكى مەركىزىي پېرسوناژلىق ئورنىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. خان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان سۇتۇقنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى پېشقەدەم سۆكمەن باتۇر تاغىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆتىدۇ. باتۇر تاغا ئۇنى بىر سۆزلۈك، قەيسەر، راستچىل قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. سۇتۇقمۇ ئۆز تەبىئىتىدە كىچىكىدىن باشلاپ باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ۋە مەردلىك قاتارلىق پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. ئۇ تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ خانلىق تەختىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىش يولى بىلەن تەختكە چىققان، ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن قاراخانىلار ئېلى مۇتەقەررىز بولۇش خەۋپى تۇغۇلىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە خانلىق تاجىنى كىيگەن ياش سۇتۇق ئۆز بېشىمچىلىق قىلماي، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ، ھەتتا ئاياللارنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەلەم بىلەن قەلەمنى تەڭ ئىشلىتىش، يەنى ئەلنىڭ بىخەتەرلىكىنى قورال كۈچى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن ساپاسىنى بىلىم-ئاقارتىش ئىشىنى يولغا قويۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. فېئودالىق تەبىئىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرىدۇ. ئاھالىنىڭ بىخەتەرلىكى، دۆلەت زېمىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاچاۋۇزچى ساداتلارغا زەربە بېرىپ، زور غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ سەممىي بولغاچقا، خەلق ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ، قارامىيەتچى بولمىغاچقا ياخشى كۆرىدۇ، بىر سۆزلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ. بۇلار خەلق ئوغلانى، خەلق خاقانى ۋە خەلق قەھرىمانىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەتلەر بولۇپ، سۇتۇق ئۇلارنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تولۇق مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە تۇتقان يولى باشتىن ئاخىرى «پاراۋانلىق، بىلىملىك، بىرلىك، قوغدىنىش ... ئاداشقا ئاداش، ياغىغا ياغى بولۇش» (رومان 352-، 457-، 978-بەتلەر) تىن ئىبارەت بولۇپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان 45 يىل جەريانىدا ئۇدۇمەن ئەشۇ بويىچە ئىش تۇتۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئۆز دەۋرىگە

چە ئاجايىپ گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىچكى-تاشقى تىنچلىق شارائىتىنى ۋە ئىچكى-تاشقى بىخەتلىق مەزگىللىرىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ نەمۇنىسىنى يارىتىپ، پۈتكۈل ئەل دائىرىسىدە خەلقنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ يەنە قاراخانىلار ئېلىنىڭ ئاتاقلىق قانۇن تۈزگۈچىسى ۋە بۇ قانۇنغا ئاكتىپ بويسۇنغۇچى شەخس. ئادىللىق، سالماقلىق، تەمكىنلىك ۋە ئەمەلىيەتچانلىق ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان جاھىللىق ۋە زوراۋانلارچە مۇستەبىتلىك يوق. بۇلار سۈتۈق بۇغراخان خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى گۈزەل نەرسىلەر بولۇپ، بۇ ئوبراز يۇقىرىقى مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ.

لېكىن سۈتۈق ھۆكۈمران سىنىپتىن كېلىپ چىققان ئىسلاھاتچىنىڭ ۋەكىلى، ئۇنىڭ تومۇرىدىكى قان-ئەزگۈچى سىنىپنىڭ قېنىدىن ئىبارەت. بۇ ھال ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا بەزى ھالقىلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بەزىدە مۇرەسسەچىلىك ۋە ئارىسالدىلىققا ئوخشاش ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن غەربكە يۈرۈش ئىشىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن يۇرت كاتتىلىرى-بايلار، سودىگەرلەر، كارۋانچىلار، زېمىندارلار، ئېكىنچىلار، خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۆرىلەردىن سېلىق ئالىدىغان چاغدا (رومان 5-قىسىم 5-باب)، سۈتۈق رەت-رەت تىزىلىپ كەتكەن بۇ «كاتتىلار»غا قاراپ پەخىرلىنىپ كېتىدۇ. بۇ بايلارنىڭ بايلىقى تامىراتلارنىڭ قان-تەرى ھېسابىغا يىغىلغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدۇ. لېكىن بايلارنىڭ ئۆز بايلىقىنى ئېكىسپىلاتاتسىيە ۋاستىسى ئارقىلىق توپلىشىنى ئۇ مۇۋاپىق ھادىسە دەپ ھېسابلايدۇ. بارغانچە كۆپىيىۋاتقان بايلارنى ئۆزىنىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ يۆلەنچۈكى دەپ قارايدۇ. دۆلەتنىڭ ئاساسىي يۆلەنچۈكى، مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي ئەمگەك كۈچلىرى ئىكەنلىكىنى، قانداق قىلغاندا بۇ ئۇلۇغ كۈچنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ رەنجىتمەي دۆلەتنى ئۇلغايتىشنى ۋە ئەلنى پاراۋان قىلىشنى ئويلايدۇ. لېكىن بارغانسېرى قىستاپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى چوڭ تاغ ئۆزىنى بېسىپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي دائىم ئارىسالدىلىقتا قالىدۇ. (رومان 524-، 525-بەتلەر).
ئالتۇ بەگ كەنتىدە يۈز بەرگەن تارىقچى بوۋاينىڭ زېمىندار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەۋج ئالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى زېمىندارلار بىلەن تارىقچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ۋەقە خانغا، ئۇنىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىگە، ئۇ يۈرگۈزگەن ئىجتىمائىي تۈزۈمگە نۇرغۇن ئەمەلىي سوئاللارنى قويىدۇ ۋە كەسكىن جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ. خاننىڭ بۇ سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلىشى ياكى بېرەلمەسلىكى، تەبىئىيكى ئۇنىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ كېلەچىكى بىلەن مۇناسى-

تە مۇناسىۋەتلىك ئىدى، خان ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ بۇنداق بېسىمى ئاستىدا ئوردا كېڭەشمىسىنى چاقىرىپ، بايلىق، يەر، سۇ ۋە چارۋا ـ ماللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى تەڭشەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش ھەدېگەندە ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇ بايلارنى، سودىگەرلەرنى ۋە زېمىندارلارنى يەنىلا دۆلەتنىڭ ئاساسىي يۆلەنچۈكى ھېسابلاپ، ساقلاپ قالماقچى بولىدۇ. لېكىن باشتىن ئاخىرى كەڭ تارىخچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئىلىك، بىلگە تېگىن، قىلىچ قاتارلىقلارنىڭ مەسىلىنى تەكرار چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە خان ئاخىرى تارىخچىلارنىڭ دۆلەتنىڭ يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىدۇ. رېئال زىددىيەتلەرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى خانغا ئاخىرى ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، تارىخچىلار قوزغىلىڭىنى مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىپ، يەر، سۇ ۋە باج ـ سېلىقنى تەڭشەيدۇ (رومان 6 ـ قىسىم 3 ـ باب).

سۇتۇق يەنە ئىلىك قاتارلىقلار تەكىتلىگەن يۈكسەك مەنىدىكى «ئەركىنلىك» نى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسىدە نۇرغۇن روھىي زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بەزىدە ھەتتا بۇ خىل ئەركىنلىك قارىشىغا نارازى بولۇپ، ئۇنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنى تەربىيىلەيدۇ، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدە روھىي زىددىيەتلەردىن قۇتۇلۇشىغا ئارسلان، ئايدىڭ، قۇندۇز بولۇپمۇ ئىلىك كۆپ ياردەم بېرىدۇ. نۇرغۇن ئىچكى توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئاندىن ئۇمۇ ئەركىنلىكنىڭ كەڭ مەزمۇنى ھەققىدە باش قاتۇرغۇچى، ئىزدەنگۈچى شەخسكە ئايلىنىدۇ. يازغۇچى بۇ ئوبرازنى ياراتقاندا ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلانغانلىقىنى، ئۇنىڭغا داھىلىق سۈپەت بېغىشلىماستىن، بەلكى ئۇنى رېئال زىددىيەتلەر مەركىزىگە قويۇپ، مىلادى X ـ ئەسىردىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىق زېمىنىدا تۇرۇپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچى سۇتۇقنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن نەرسىلەر كۆپىنچە ئۇنىڭ روھىي ھالەت تەسۋىرى ئارقىلىق نامايان قىلىنىدۇ. بۇلار مەزكۇر ئوبراز خاراكتېرىنىڭ چىنلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. قىسقىسى سۇتۇق بۇغراخان ئوبرازى ئارقىلىق يازغۇچى ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتسۆيەر بىر تارىخىي قەھرىمانىغا چوڭقۇر مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنى پروتوتىپ قىلغان ئىلىك ئوبرازى «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز. ئەگەر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇتۇق بۇغراخان دەۋرى مىللىتىمىزنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىك تەرەققىياتىدا زور دەرىجىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن دەۋر دەپ ئېتىراپ قىلىنىدىكەن ھەمدە بۇ گۈللىنىش شۇ چاغدا خاقان سۇتۇق بۇغراخان يۈرگۈزگەن ھەربىي فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىكەن، ئۇنداقتا ئىلىك ئۇستازنىڭ فېئوداللىق دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىسىنى تۇرغۇزۇش، تەڭشەش

ۋە مۇستەھكەملەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوينىغان رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇنىڭ دۆلەتتە بىلىگ-ئاقارتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسى بۇغراخان تەرىپىدىن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا يۇقىرى باھالانغان: «...بولۇپمۇ سىزنىڭ بىلىگ-ئاقارتىش ئىشلىرىدا، ئەتۇر كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ئەلگە قوشقان تۆھپىڭىز ئۇنتۇلغۇسىزدۇر...» (رومان 978-بەت) بۇغراخاننىڭ بۇ بىر جۈملە سۆزى، پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ سۈيۈملۈك ئوغلى ئىلىككە بەرگەن مۇناسىپ باھاسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بىلىمى، سەمىمىي ۋە ئېغىر-بېسىقلىقى بىلەن كۆپ سانلىق ئوردۇ ئەربابلىرى، بولۇپمۇ كەڭ تارىخچىلارنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان ئىلىك مەزكۇر ئەسەردە ھەم بىر تارىخىي شەخس سۈپىتىدە، ھەم بىر غايىۋى قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. روماندا ئۇ باشتىن-ئاخىرى ئەركىنلىك بىلەن باراۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقاتچىسى، ئىلغارلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق-ئەمىنلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى، بىلىگ-ئاقارتىش جەڭچىسى، كەڭ تارىخچىلارنىڭ كۈچلۈك ھىمايىچىسى، جاھالەتنىڭ، زوراۋانلىقنىڭ ۋە مۇستەبىتلىكنىڭ رەقىبى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. ئاپتور ئىلىكنى تاغقا ئالغانلىقى جايىدا ئۇنىڭغا چوڭقۇر قايىللىق ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىلىك، سۇتۇقتا ئوخشاش خان جەمەتىدىن ئەمەس، بەلكى تۆۋەن دەرىجىلىك چېرىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. كىچىكىدىلا دادىسىدىن ئايرىلىپ، تۇل ئانىسى بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرگەن. بۇنداق ئائىلىۋى مۇھىت ئۇنىڭ خاراكتېرىدە كىچىكىدىن باشلاپ تارىخچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش شارائىتى ۋە ھوقۇقسىز ئورنىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئويغاتقان.

گەرچە ئۇنىڭ پېشانىسىگە تۇغۇلۇشىدىنلا قۇللۇق ۋە بېقىندى تارىخچىلىق تامغىسى بېسىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلەتتىكى بايلىق ۋە نامراتلىقتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. كۈنسېرى قۇرسىقى يوغىناۋاتقان بايلارنىڭ ئەمەلىيەتتە تارىخچىلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان زۇلۇكلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇڭىمۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئىلىم-مەرىپەتكە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلايدۇ. دۆلەتنىڭ ئەمەلىي تەڭسىزلىكىنى خەلقنىڭ بىلىمسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قاراپ، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەڭسىزلىكنى يۈكسەلگەن ئاڭ ئارقىلىق تەدرىجىي تۈگىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبەدىي ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئۇ زېرەكلىكتە ئۇستازىنى بېسىپ چۈشىدىغان، سالاماقلىقتا خانغا يول كۆرسىتىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولغاچقا، سۇتۇق ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. قۇرداش بولۇشىغا قارىماي ئۇستاز تۇتىدۇ. ئىلىك گەرچە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بىۋاسىتە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىسىمۇ (رومان 556-بەت)، ئەمما پۈتۈن ھاياتىنى خانىدانلىقنىڭ بىلىگ-ئاقارتىش

ئىشلىرىغا، دۆلەتنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، قىسقىسى، قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە بېغىشلايدۇ.

ئىلىك يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق، تارىخ ۋە قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىدە تولۇق يېتىشكەن ئالىمى ھەممىدە خانىدانلىق ئېتىراپ قىلغان جامائەت ئەربابى. لېكىن ئۇ بېكىنمىلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەمئىيەتنىڭ تارىخچىلار قاتلىمىنى بۇغراخانغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. كەڭ تارىخچىلار بەزىدە بۇغراخانغا شەرتسىز بويسۇنۇش يۈزىسىدىن مەجبۇرى ئىتائەت قىلسا، ئىلىكنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي يۆلەنچۈكى ھېسابلىشىپ، چەكسىز ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا زور ئۈمىدلىرىنى باغلايدۇ. خانىدانلىقتا قولدارلىقنىڭ ئورنىنى فېئودالىق تۈزۈم ئىگىلىگەنلىكى، كەڭ تارىخچىلار ئۈچۈن ئالدىدا قوشنىڭ ئورنىنى سۆرەم ئالغانلىقىدەك بىر ھادىسە بولىدۇ. تارىخچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بۇنداق ئوبرازلىق ئوخشىتىشى ئاندىقتۇ ئۇلارنىڭ قولدارلىق تۈزۈمنى فېئودالىق تۈزۈمدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بىر خىل تۈزۈم ئورنىنى يەنە بىر خىل تۈزۈم ئىگىلىگەن يېڭى تارىخىي شارائىتتا، يېڭى تۈزۈمدىن كۈتكەن تەلەپلىرىنىڭ قاندۇرۇلمىغانلىقىغا بىلدۈرگەن نارازىلىقىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسى ئىدى، ماھىيەتتە بۇ فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ئىدى. ئىلىك بۇ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، ھەممە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان يېڭى بىر جەمئىيەت ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىدۇ. ئارىستوتېلمۇ جاۋاب بېرەلمىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش، فارابىمۇ تاپالمىغان دۇنيانىڭ سىرىنى ئېچىشقا بەل باغلايدۇ (رومان 390-بەت.) باشتىن ئاخىرى «ئۆختىمۇ يوق، يۈگەنمۇ يوق بىر زامان بولسا، نامراتلار ئۆز زېمىنىدا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلىسە ... مۇشۇنداق ئەركىن زامان بولسا ئەجەپ ياخشى بولغان بولاتتى» (رومان 348-بەت) دېگەن قاراشتا بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى بۇغراخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بۆلۈك ئوردۇ ئەربابلىرىغا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، خانلىق بىلىگ يۇرتىنىڭ بىلگە تېكىن، ئاداش تېكىن، يولتۇز، قۇتدۇز، ئىپارگۈل قاتارلىق غوللۇق كىشىلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا داۋاملىق ئەشۇ ئەركىنلىك ھەققىدە كەڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئەمما ئەشۇ جەمئىيەتنى قانداق قىلىپ رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىگە ئىلىك دەماللىققا توغرا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بىراق بىز بۇنىڭ بىلەن ئىلىكنى ئەيىبلىيەلمەيمىز. چۈنكى ئەينى دەۋردە ئۇنداق بىر جەمئىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تارىخىي شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەن ئىدى. ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن فېئودالىزم راسا گۈللەنگەن ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندا، غەربتە دانتېدىن تومىس مورغىچە، كامپانېللاردىن روسسوغىچە، شىللىيدىن چېرنىشېۋسكىيغىچە؛ مىللىتىمىزدە فارابىدىن ناۋايىغىچە، ئابدۇرېھىم نىزارىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ل. مۇتەللىپكىچە بولغان جەريان

دەل ئەشۇ ئەركىنلىك مەسىلىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىزدىنىش جەريانى، كۈرەش جەريانى بولدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئەشۇ ئىزدىنىشنىڭ بىر جەريانىنى ۋەكىللىك قىلىدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، ئېلىك ئوبرازى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىگەن مەزمۇننىڭ موللىقى ۋە يۈكسەكلىكى بىلەن كىشىگە بىر خىل غايىۋى قەھرىمانلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئومۇمىي روھىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئېلىك ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقى پەزىلەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئېلىك ئوبرازى بىزنىڭ نەزەرىمىزدە تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سۆيۈملۈك، تېخىمۇ سالتەنەتلىك تۇس ئالىدۇ.

«سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە سۆكمەن باتۇر تاغا، تۇكسىن ئارسلان، خانىش ئايدىلىڭ، يۇلتۇز، قۇندۇز، ئەركىن، قىلىچ، ئىپارگۈل، ئەل توغلى، قوچقار، ئىركەشبەگ، سىبۇق تېكىن، ئەمىر ئەبۇ نەسىر قاتارلىق كىشىلەرنىڭمۇ، بەگ بالگە، تېكىن ئاغىچى، بەردى باي، ئاغابى، مەنسۇر شاھ قاتارلىقلارنىڭمۇ ھەر خىل خاراكتېردىكى ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ، تەلەپچانلىق بىلەن ئېيتقاندا ئۇلار ئاساسەن سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئېلىك ئوبرازىنى ھەرقايسى نۇقتىدا تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

«سۇتۇق بۇغراخان» گەرچە تارىخىي رومان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوقۇل ھالدا رومان شەكلىدىكى تارىخ ئەمەس. بۇ جەھەتتىن مەزكۇر ئەسەردىكى ۋەقەلىك، بىر تەرەپتىن، تارىخشۇناسلىقتا خاس سەمىمىي پوزىتسىيە بىلەن چوڭقۇر ئانالىز قىلىنىپ، تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش ئاساسلىرى، مۇھىم تۈگۈنىدىكى سەۋەب، نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەت تالانتلىق دراماتورگقا خاس بەدىئىي دىت بىلەن ناھايىتى كەسكىن دراماتىكىلىقتا ئىگە قىلىنغان. ئەسەردىكى ئاساسلىق شەخسلەر ناھايىتى كەسكىن ھايات-ماماتلىق توقۇنۇش ئىچىدە بەدىئىي سەھنىگە چىقىرىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە خاراكتېرى ئەشۇ توقۇنۇش ئىچىدە ئېچىپ بېرىلگەن. يازغۇچى گەرچە تارىخىي ھادىسىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق يەكۈن چىقارمىغان، تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى قازىسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلارغىمۇ توغرىدىن توغرا باھا بەرمىگەن، ئەسەردە بايان قىلىنغان تارىخىي ھادىسىلەردىن يەكۈن چىقىرىش بىلەن ئەسەر قەھرىمانلىرىغا خاراكتېرىستىكا بېرىشنى ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا ئۆز كىتابخانلىرىغا قالدۇرغان. بۇ، يازغۇچىنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلىۋاتقان نەرسىسىنىڭ ئالدى بىلەن بىر بەدىئىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى باشتىن ئاخىرى ئېسىدىن چىقارمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دراماتىكىلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، رومانىنىڭ سىيۇژىتى كۆپ ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. دەل مۇشۇ ئۆزگىرىشچانلىق كىتابخانلارنى جەلپ قىلىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئەسەرنىڭ ھەربىر قىسىم-ھەربىر بابلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىرقانچە تارماق لىنىيىگە بۆلۈنگەن، ئەمما بىر ئومۇمىي مۇددىئاغا بويسۇندۇرۇلغان سىيۇژىت تەرەققىياتى بەزىدە بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ بىر دولقۇن ھاسىل قىلىپ، بىردىنلا تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بەزىدە بىردىنلا ناھايىتى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە تۈسىنى ئالغان بولسا، يەنە تۇرۇپلا كومېدىيە خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن ئەسەرنىڭ بېشىدىلا سۇتۇقنىڭ ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى مەجبۇرىي تارتىپ ئېلىشى ھە دېگەندە كىشىگە بىر خىل ۋەھىمىلىك-تىررورلۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئەمما سۇتۇقنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن بۇ تۇيغۇ ياش خاقاندىن پەخىرلىنىدىغان يۈكسەكلىك تۇيغۇسىغا ئالمىشىدۇ. كىتابخان بۇ يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بىلەن توي تەنتەنىسىگە قاتنىشىدۇ-دە، ھېلىقى ۋەھىمىلىك-تىررورلۇق تۇيغۇسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، روھىي جەھەتتە ناھايىتى ئازادىلىك ھېس قىلىدۇ. كىتابخان «قوش توي» غا ئىشتىراك قىلىپ، بۇ ئازادىلىكتىن ۋايىغا يەتكۈچە ھوزۇر ئالماقچى بولغاندا، بۇ قېتىم تويلاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئەسلىدە بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى جىددىيلىشىدۇ. بارىبىتچى مومايىنىڭ سەھنىگە چىقىشى بىلەن ئاندىن بۇ خىل جىددىيلىك ئاستا-ئاستا پەسىيىدۇ. بارىبىتچى مومايىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى، خان لەشكەرلىرىنىڭ كۆكيار مىڭباشى بىلەن قىلغان قانلىق جېڭى، تىيار گۈلنىڭ كۈچلۈك مونتاژلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان ئەسلىمىسىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى كىتابخان كەيپىياتىدا داۋاملىق داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. ئەمما يازغۇچى كىتابخانلىرىنى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنى بىر تەرەپتىن ئالىپ ئارسلان بىلەن بىللە ئىدىقۇت خاندانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى سەيلى قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بايرام تەنتەنىسى ئارقىلىق ھېسسىيات جەھەتتە ئازادە ئارام ئالدۇرىدۇ، تاماشا قىلدۇرىدۇ. بۆلگۈنچى ئاغابېي بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى، مىللىي مۇناپىقلارنىڭ تېگىشلىك ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرسە، پالنۇ بەگ كەنتىدە يۈز بەرگەن ئۆلۈم ۋەقەسى ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. سەمەرقەنت ئوردىسىدىكى ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ، بولۇپمۇ زامانقۇل بىلەن ماھىبانۇنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى كىتابخانلار قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان بىلەن مەنسۇر شاھنىڭ قانلىق ئۇرۇشلىرى كىشىگە ئومۇمەن ئۇرۇشنىڭ دەھشىتىنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن بۇغراخاننىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى كىتابخانلارغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز قەھرىمانلىق ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. تۇرغۇنقان تۆكۈش بەدىلىگە كەلگەن بىر مەزگىللىك تىنچلىق ئۇلارنى نورۇز خۇشاللىقىغا چۆمدۈرىدۇ، نورۇز خۇشاللىقى ئۇلارغا ئەجدادلىرىدىن پەخىرلىنىش، ئۆز-ئۆزىنى تونۇش، چۈشىنىش، قەدىرلەشنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك ئەسەرنىڭ سىيۇ-

ژىتى باشتىن ئاخىرى يىرىقىرىقىدەك دولقۇنسىمان بولۇپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ھېسسىياتىدا ئاجايىپ سەكرەش ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن سىز بۇ ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرىنى ياشلىق، گۈزەللىك، مۇھەببەت كۈيلەنگەن لىرىك كۈي دېسىڭىز، بەزى جايلىرىنى تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەبىتلىك، نادانلىق ئۈستىدىن قىلىنغان كۈچلۈك شىكايەت دېيىسىز؛ بەزى جايلىرىنى بىرلىك، ئىناقلىققا، مەرىپەتكە ئۈندىگەن چاقىرىقنامە دېسىڭىز، بەزى جايلىرىنى مىللىي غۇرۇر، مىللىي روھ، مىللىي قەھرىمانلىق مەدھىيىلەنگەن مەدھىيە داستىنى دېيىسىز. ئەسەر ھېسسىياتىڭىزدا پەيدا قىلغان يىرىقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلەر ۋە سىزنىڭ بۇ ئەسەر ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك كۆپ قاتلاملىق قارىشىڭىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ رومانچىلىققا قويغان ئېستېتىك تەلەپلىرىنى زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن رومان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«سۇتۇق بۇغراخان» چوڭ ھەجىمنىڭ بىر بەدىئىي قامۇس بولۇش بىلەن بىللە مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە مەدەنىيىتىنىڭمۇ بۈيۈك بىر قامۇسى ھېسابلىنىدۇ. كىتابخانلار ئۇنىڭدىن مىللىتىمىزنىڭ مىڭدىن 10 ئەسىر ئىلگىرىكى مەدەنىيەت يىغىندىسى، تەپەككۇر شەكلى ۋە تۇرمۇش ئادىتى بىلەن كەڭ تۈردە چوڭقۇر تونۇشالايدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى مەدەنىيىتى، شۇ مىللەتنىڭ شۇ كونكرېت شارائىتتىكى ئىقتىساد ۋە ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى ھالىتىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدا ئىپادىلەنگەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان فېئوداللىق تەبىئىي ئىگىلىكى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق ھاكىمىيەتنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتتە قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ بىكار قىلىنىشى، يەرلىك تارقاق بەگلىك-ئىلىك خانلىق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلىشى، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئەلنى پاراۋان قىلىشتەك تۈپ مەقسىتىنىڭ ئېنىق بولۇشى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى، يات ئەل تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ چېكىندۈرۈلۈشى، دۆلەت ئىچىدە نىسبىي تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ بىر مەزگىل مۇقىملىشىشى، كىشىلەرنىڭ دىن-ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى قاتارلىقلار سەۋەبى ۋاقتىدا قاراخانىلار دۆلىتىدە فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. تەبىئىي ئىگىلىكتىكى بۇنداق گۈللىنىش مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى بىلەن ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتتى ۋە ئۇنى كەڭرى زېمىن بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرى ۋە قىممىتىنى ئىلگىرىلا چوڭقۇر ھېس قىلغان مىللىتىمىز بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھېس-تۇيغۇسى ۋە بەدىئىي غايىلىرىنى ئۆزىگە خاس ئەنئەنە ھەم تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن مەدەنىيەت-سەنئەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەركىن ئىجادىيەت ئېلىپ باردى. ئۇلار-

تىنىڭ بۇ ئىجادىيىتى ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزگىچىلىكى، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى، مەزمۇنىنىڭ
خاسلىقى، تارىخىيلىقى ۋە گىنىشاللىقى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا
ئىگە بولدى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى — مەلۇم مەنىدە بارلىق ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئانى-
سى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بۇ تەركىبىگە زەرگەرلىك، مىسكەرلىك، تۆمۈرچى-
لىك، كەشتىچىلىك، تىككۈچىلىكتىن تارتىپ ئوردا-ساراي، مەسچىت-مەدرىس بىناكار-
لىقى، ئويمىچىلىق ۋە نەققاشلىقلارنى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان ۋە خانىش
ئايدىڭنىڭ ئىنتايىن نازۇك ئىشلەنگەن تاجلىرى، ناھايىتى ئوچۇق گۈللۈك، نەپىس،
سىپتا كەشتىلەنگەن خاس كىيىملىرى، باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەر خىل سورۇن
ۋە ھەر خىل پەسىللەرگە ماسلاشتۇرۇپ تەييارلانغان خاس تونلىرى، نەپىس نەقىش
ئويۇلغان تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەڭ قوراللىرى، ئىگەر-جابدۇقلار، باغۋەنچىلىك،
مەتبەئەچىلىك، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مۇسۇلمان بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ھەممە ئالاھى-
دىلىكلىرى تولۇق گەۋدىلەنگىنى ئۈچۈن كىشىگە ئاجايىپ رەڭدار بىناكارلىق كۆرگەز-
مىسىنى ئەسلىتىدىغان يېڭى ئوردا، خانلىق مەدرىس ۋە مەسچىتلەرنىڭ دەرۋازا، ئىشىك،
تام ۋە تورۇسلىرىدىكى زىننەت ۋە نەقىشلەر، بۇددا مۇھىتىدىكىلەرنىڭ بۇتخانىلىرىدىكى
ھەيكەللىرى، تام-غارلاردىكى ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچكە ئىگە سىزمىلار ...... بۇلار مىل-
لىتىمىزنىڭ تەپەككۇر ۋە ئەمگەك مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رو-
مانىدا نامايان قىلىنغان نەمۇنىلىرى بولۇپ، كىتابخانغا چوڭقۇر گۈزەللىك زوقى، ئەج-
دادلىرىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ۋە ئۆز ئىزىدىن ئىپتىخارلىنىشتىن ئىبارەت يۈك-
سەكلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ.

بۇ روماندا يەنە مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، مىللىي ئۆرپ-
ئادەت ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مىللىي ئۆرپ-ئادەت كاتېگورىيىسىگە مىللىتىمىز-
نىڭ ئەنئەنىۋى ئاش-تاماق تەييارلاش، مېھمان كۈتۈش ئۇسۇللىرى، توي-تۆكۈن
ۋە دەپنە مۇراسىملىرى كىرگەندىن سىرت، تۈرلۈك شەكىل ۋە مەزمۇندىكى كۆڭۈل
ئېچىش تۈرلىرىمۇ كىرىدۇ. بۇ تۈر مەزمۇن جەھەتتىن قىلىچۋازلىق، چېلىشىش، بەيگە،
ئوغلاق تارتىشىش، دارۋازلىق، ساغادى، ئەلەڭگۈچ ئۇچۇش، مۇزىكا، يالغۇز كىشىلىك،
قوش كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇل، لېگەن ئۇسسۇلى نورۇز بايرىمىدا كۆرسىتىلىدى-
غان ھەر خىل ئويۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزمۇنلار مەزكۇر روماندىن ئېگىش-
لىك ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدا مۇھىم
رول ئوينىغان. رومانىدىكى بۇ مەزمۇنغا ئائىت تەسۋىرلەر ئۆزىنىڭ مىللىقى بىلەن
كىشىگە يارقىن سەنئەت گۈزەللىكى تۇيغۇسى بېرىدۇ. بۇ تەسۋىرلەر مىللىتىمىزنىڭ
ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى
مەنىۋى ھاياتىنىڭ ناھايىتى مول مەزمۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە

# ئەدەبىي ئېقىم «خەمسە» چىلىك توغرىسىدا

شېرىن قۇربان

«خەمسە» ئەرەب تىلىدىكى سانلىق سانىنى بىلدۈرىدىغان «خەمس» (بەش) سۆزىدىن ياسالغان ئەدەبىي ئىسىم بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ نامى تەرىقىسىدە «بەشلىكلەر، بەشلىك توپلام، بەشلىك مەجمۇئە» تەرزىدە قوللىنىلغان. ئۇ «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«خەمسە» ئۇقۇمى ۋە ئاتالغۇسىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تار مەنىسى «بەش داستاندىن تەركىب تاپقان ئەدەبىي مەجمۇئە» دېگەندىن ئىبارەت بولسا، كەڭرەك مەنىسى «مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشى

كىشىگە ناھايىتى رەڭدار سەنئەت ھۇزۇرىنى تۇيغۇسى بەخش ئېتىپ، خەلقىمىز ئۆرپ-ئادىتىنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا سەنئەت دەرىجىسىگە، يۇقىرى سەنئەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر قاراخانىلار دەۋرىدە يۇقىرىقىدەك گۈللەنگەن فېئودالىق ئىگىلىك بولمىغان بولسا، يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئالىي فورمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېمەك، «سۇتۇق بۇغراخان» رومانى مىللىتىمىز تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، تەبىئىي ئىگىلىك، ئۈستقۇرۇلما ۋە مەدەنىيەتتە زور بىر قېتىملىق گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن بىر دەۋرنىڭ قىممەتلىك بەدىئىي خاتىرىسى ۋە بەدىئىي قامۇسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر، ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن ئېپوس خاراكتېرىگە، ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ موللىقى جەھەتتىن قامۇس خاراكتېرىگە ئىگە. «سۇتۇق بۇغراخان» بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ گۈللەنگەن بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتتى. بىزدىكى رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتەردى. بۇ رومانىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى شۆھرىتىنىڭ بويى دەل شۇنىڭ بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

بولسىغان، ئەمما مەسنەۋى شەكلىدىن ئىبارەت ئورتاق شېئىرىي ئەندىزىسى بويىچە يېزىلغان مۇستەقىل بەش داستان بىرلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي توپلام» دېگەندىن ئىبارەت.

قىسمەن پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «خەمسە» چىلىكتە تېما ۋە ۋەقەلىك ماتېرىيالى ئاساسەن ئوخشاپراق بولىدۇ. گەپ ئاشۇ ئوخشاش تېما ۋە ئوخشاش ۋە-قەلىك ماتېرىيالنى بەدىئىي سەنئەت ئارقىلىق قانداق ئىپادىلەش. مانا بۇ «خەمسە» چىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى. «خەمسە» چىلىك، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئەنئەنىگە ئاي-لىنىپ نۇرغۇن دۆلەت ۋە نۇرغۇن مىللەتنىڭ ئەدىبلەرنى جەلپ قىلغانلىقى، ناھايىتى كۆپ يازغۇچى - شائىرلار «خەمسە» يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇ بىر خىل دولقۇن سۈپىتىدە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ شەكىللەنگەن.

## 2 . «خەمسە» چىلىكنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىشى

«خەمسە» چىلىك XII ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران، ھىندىستان ئەدەبىياتلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان. «خەمسە» چىلىك تارىخىنىڭ بۇ خىل ئەدەبىي ئەندىزىسىنى ئەڭ دەسلەپ بەرپا قىلغان ۋە بۇ يولدا ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن كاتتا شۆھرەت قازانغان ئەدىب — پارس كلاسسىك ئەدەبىي ئۇسلۇبى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى «دارى تىلى» (ئوتتۇرا ئەسىردە شەكىللەنگەن پارس — تاجىك ئەدەبىي تىلى) دا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئەزەربەيجانلىق مۇتەپەككۇر شائىر — ئىلياس ئىبنى يۇسۇپ نىزامىي گەنجىۋى (مىلادى 1141 — 1209 - يىللار) ھېسابلىنىدۇ. دۇنيانىڭ ئاساسلىق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك ئەدەبىياتشۇناس-لىرىنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ كېلىۋاتقان نىزامىي «خەمسە» سى ئەدە-بىيات ئەھلى ئارىسىدا «جاھان ئەدەبىياتىنىڭ سۆز خەزىنىسىنى بېيىتقان ئەسەرلەرنىڭ بىرى»، «خەمسەچىلىكنىڭ نەمۇنىسى» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان بولسا، نىزامىي گەنجىۋىنىڭ ئۆزى بولسا، «بۈيۈك دانىشمەن»، «ئۇلۇغ سەنئەتكار»، «خەمسەچىلىكنىڭ پىرى»، «كاتتا مۇتەپەككۇر شائىر» دەپ ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. «خەمسە» چىلىكنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ۋە مول بەرىكىتىدە نىزامىينىڭ تۇتقان ئورنى ۋە تۆھپىسىدىن ئالغاندا، بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەربابى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەشلەرگە مۇناسىپ.

## 3 . «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

نىزامىي گەنجىۋىنىڭ «خەمسە» سى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتلىرىدا خېلى بىر مەزگىل نىزا-

مىي خەمسەسىگە تەقلىد قىلىپ «خەمسە» يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر داۋام قىلغان بۇ ئېقىمدا نۇرغۇن شائىر — يازغۇچىلار بەس - بەستە «خەمسە» يېزىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن نىزامىي گەنجىۋىگە ئوخشاش مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرەر يازغۇچى — شائىر تارىخ سەھنىسىگە چىقمىغان ئىدى. XIV ئەسىرگە كەلگەندە، ھىندىستانلىق زەبەردەست پارس شائىرى ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى (مىلادى 1253 — 1325 - يىللار) نىزامىي گەنجىۋى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇ باشلاپ بەرگەن «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى گۈزەل ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىك مىسرالىرى بىلەن كىشى دىلىنى مەھلىيا قىلىدىغان «پەنج گەنج» ناملىق خەمسەنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شۆھرەت قازاندى ھەم «مۆجىز بايان شائىر» (ئەلشىر ناۋايى) دېگەن ئاتاققا ئېرىشتى.

ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى نىزامىي گەنجىۋىدىن كېيىن خەمسە يېزىشتا داڭ چىقارغاندىن كېيىن، «خەمسە» چىلىك تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. XV ئەسىرگە كەلگەندە، تاجىكلار ئىچىدىن مۇتەپەككۇر شائىر نۇرۇددىن ئابدۇراخمان جامى (مىلادى 1414 — 1492 - يىللىرى) نىزامىي بىلەن دېھلەۋىنىڭ خەمسەلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، ئىنتايىن زور تەجىر بەدىئىگە «خەمسە» يېزىپ، خەمسەچىلىك تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئابدۇراخمان جامىنىڭ خەمسەسى ئەنئەنىۋى خەمسەلەرگە ھەم ئوخشايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئوخشاشلىق يېرى — جامى نىزامىي بىلەن دېھلەۋىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى ئۈلگە قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆز خەمسەسىدە ئەكس ئەتتۈردى. ئوخشىمايدىغان يېرى — ئۇ ئەنئەنىۋى خەمسەچىلىككە قارىتا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئەسلىدىكى خەمسەچىلىك رامكىسىدىن ھالقىپ بەش داستانلىق «خەمسە» نى يەتتە داستانلىق «خەمسە» دەرىجىسىگە كۆتۈردى. بۇ خەمسەچىلىك تارىخىدىكى بىر يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. جامىنىڭ مەشھۇر «ھەفت ئەۋرەڭ» («يەتتە يۇلتۇز») مەجمۇئەسى ئاتاقتا «خەمسە» بولسىمۇ، ماھىيەتتە «خەمسە» ئەندىزىسىدىن ھالقىپ كەتكەن يەتتە چوڭ داستاندۇر. شۇڭا، خەمسە ئوبزورچىلىرى جامى خەمسەسىنى خەمسەچىلىكنىڭ يېڭى پەللىسى دەپ باھالايدۇ.

ئابدۇراخمان جامى خەمسەسىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەمسەچىلىك تارىخىدا يەنە بىر ئۇلۇغ نامايەندە ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقتى. ئۇ، لىرىك شائىر ئەلشىر ناۋايى ئىدى. ناۋايى ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەمسەچىلىك ئۇستىلىرى بولغان نىزامىي، دېھلەۋى ۋە جامىلارنىڭ خەمسەلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر، ئۆزبېك مىللىي تىلىدىكى ناۋايى خەمسەسىنى ياراتتى. ناۋايى خەمسەسى ئوتتۇرا ئەسىر خەمسەچىلىك تارىخىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان 4 - خەمسە ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان «پەرھات - شېرىن» داستانى «ناۋايى خەمسە» سى ئىچىدىكى بەش چوڭ لىرىك داستاننىڭ بىرى.

ناۋايىدىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن شائىرلار خەمسە يازغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ قايسىسى كۆزگە چېلىقارلىق مەھسۇلاتقا ئېرىشەلمىدى.

خەمسىچىلىكنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالغاندا، ۋاقىت جەھەتتىن خەمسىچىلىك ئېقىمى 7 — 8 ئەسىر داۋام قىلدى. ماكان جەھەتتە يالغۇز بىر - ئىككى تۈرۈۋندا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھەممىسىدە خەمسە يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. خەمسە يېزىشقا قاتناشقان شائىر - ئەدىبلەرنىڭ سانى توغرىسىدا، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت نىزامىي گەنجىۋىنىڭ خەمسىسىگىلا تەقلىدىي خەمسە يازغان ھەر مىللەت شائىرلىرى 100 نەپەر ئەتراپىدا ئىكەن، نىزامىينىڭ خەمسىسى ئىچىدىكى ئايرىم داستانغا تەقلىدىي داستان يازغان كىشىلەر 1000 دىن ئاشىدىكەن («چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ داشۆسى نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى، 102 - بەت).

## 4. «خەمسە» چىلىكنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەمسەلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

ئەلشىر ناۋايى ئۆزى بىلەن تۆت مۇتەپەككۇرنى ئالەمنى شەكىللەندۈرگەن «چاھار ئاناسىر» يەنى ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زاتقا — نىزامىينى ئوتقا، دېھلەۋىنى ھاۋاغا، جامىنى سۇغا، ئۆزىنى تۇپراققا ئوخشاتقانىدى. خەمسىچىلىكنىڭ پۈتۈن تارىخىي تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، ناۋايىنىڭ يۇقىرىدىكى ئوبرازلىق ئوخشىتىشى مۇبالىغە بولمايتتى، بەلكى يېتەرلىك ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە.

تۆۋەندە خەمسىچىلىك تارىخىدىكى «چاھار ئاناسىر» دەپ سۈپەتلەنگەن ئاشۇ تۆت ئەدىب ۋە ئۇلارنىڭ خەمسەلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

### (1) نىزامىي ۋە ئۇنىڭ خەمسىسى

نىزامىي گەنجىۋى ئەزەربەيجاننىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى. ئۇ قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن تارتىپ ئوبدان تەربىيىلىنىپ، ئانا تىلىدىن باشقا يەنە پارس، ئەرەب تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ ئاساسەن پارس تىلىدا ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نىزامىي تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن خېلىلا يۇقىرى مەلۇماتلىق مەدەنىيەت ئەربابى بولغان، نىزامىي ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھۇ - زارىنى ئىپادىلەپ، ھەققانىيەتسىزلىكنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن بولسا كېرەك، ئۇ بالىسىغا شائىر بولماسلىق ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ئىلاھىيەت

ۋە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان. نىزامىينىڭ پىكرىچە ئىلاھىيەت بىلەن ئىنساننىڭ روھىيىتىنى داۋالىغىلى بولسا، تىبابەت بىلەن ئىنسان جىسمانىيىتىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. دەپ قارالغان ھەتتا نىزامىي ئۆردا شائىرى بولۇشنى زادىلا قوبۇل قىلمىغان، ئۇ شۇ چاغدىكى ئوردا شائىرلىرىنىڭ قىلمىقلىرىدىن قاتتىق سەسكىنىپ، ئۆز ئوغلىغا شائىر بولماسلىق ھەققىدە سۆز قىلغانىدا «شائىرلىق ـ خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىك ۋە پەسكەشلىكنىڭ قۇرالى» دەپ نەسىھەت قىلغان.

نىزامىينىڭ خەمسەسى «مەھزانۇل ئەسرار» («سىرلار خەزىنىسى»)، «خىسراۋ ۋە شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ھەفت پەيكار» («يەتتە گۈزەل») ۋە «شاھى ئىسكەندەر نامە» دىن ئىبارەت 60 مىڭ مىسرەۋى (120 مىڭ مىسرا) لىق بەش چوڭ داستاندىن تەركىب تاپقان.

«مەھزانۇل ئەسرار» 1179 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ئىگە. بۇ داستان 20 دىئالوگلۇق كىچىك ھېكايىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر ھېكايىدا بىر ئوبراز يارىتىلغان، داستاندىكى شاھ، قەلەندەر، دانىشمەن، نادان، باي، كەمبەغەل قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن ئىدىيىۋى خاھىشلىرىدىن نىزامىي ياشىغان دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

داستاننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن. شائىر تۆۋەن قاتلام خەلق بىلەن ئۇلارنىڭ مېھنىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە ماختاپ، يۇقىرى قاتلامدىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى بىلەن زۇلۇمىنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئىككى دانىشمەننىڭ مۇنازىرىسى ئارقىلىق شائىر نۇر ھامان قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن، ياخشىلىق ھامان يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى كەسكىن مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىي جاناب غايىسىنى ۋاستىلىق ئىپادىلەيدۇ.

«خىسراۋ بىلەن شېرىن» 1181 - يىلى يېزىلغان، بۇ ئۇلۇغ گۈزەل ۋە لىرىكىلىق مۇھەببەت داستانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى خام ماتېرىيالى تاجىك ــ پارس ئېپوسچىلىقىنىڭ ئاتىسى ــ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادى 934 ــ 1025 - يىللار) نىڭ شاھ ئەسىرى ــ «شاھنامە» دىن ئېلىنغان. داستاندا گەپ ئالدى بىلەن ئىران شاھزادىسى خىسراۋ بىلەن ئەرمىنىيە ئايال پادىشاھىنىڭ گۈزەللىكتە مىسلىسىز جىيەن قىزى شېرىننىڭ مۇھەببىتىدىن باشلىنىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاھان كېزەر رەسسام شاپۇر خىسراۋنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ، ئۇنى شېرىنگە تاپشۇرۇپ كۆرسىتىدۇ. شېرىن سۈرەتنى كۆرۈپلا خىسراۋغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. كېيىنكى بىرقانچە قېتىملىق دىدارلىشىش جەريانىدا، شېرىن خىسراۋنىڭ ھېسسىياتلىق كىشى بولسىمۇ ئەمما ئەل غېمىنى يېمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرىدۇ. لېكىن يەنە ئەنئۇچۇسىدۇر، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە خىسراۋغا مۇھەببەت ساقلايدۇ. ئىران ۋەزىيىتىدە سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە، خىسراۋ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇ ۋىزانتىيە پادىشاھىنىڭ

ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىرادىكى تەختىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ھەم ۋىزانتىيە مەلىكىسى مەريەم بىلەن توي قىلىدۇ. ئەرمىنىيە ئايال پادىشاھىسى ۋاپات بولغاندا، گۈزەل شىرىن مەزكۇر ئەلنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇ سىياسىي گۇناھكارلارنى ئازاد قىلىپ، باج - سېلىقلارنى ئازايتىدۇ. قاۋال ياساپ سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدۇ. شاپۇرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگودا تاشچىلىق سەنئىتىنى ئۆگەنگەن پەرھات شىرىننىڭ ھەشەمەتلىك سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ. بىر كۈنى پەرھات شىرىننىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئاشىق شەيدا بولىدۇ. ئۇ مۇھەببەتنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن قۇرۇلۇشتا مۆجىزە يارىتىدۇ. خىسراۋ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ شىرىننىڭ باشقىلارنىڭ قوينىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پەرھاتقا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. كېيىن خىسراۋنىڭ خانىشى مەريەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇ يەنە شېكەر ئىسىملىك بىر گۈزەلنى ئەمرىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئانچە كۆڭۈللۈك بولماي قالىدۇ. بۇ چاغدا خىسراۋ كۆپ قېتىم شىرىننى ئىزدەپ كېلىپ، ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، شىرىننىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار يەنە كۆپ قېتىم ئۇچرىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا شىرىننىڭ پاك مۇھەببىتى خىسراۋنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇلار توي قىلىپ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. خىسراۋ بىلەن شىرىن تازا كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى باشلىغاندا، خىسراۋنىڭ ئوغلى شىرۇيە ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شاھ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقىدۇ. ئۇ شىرىننى خانىش قىلماقچى بولغاندا، شىرىن بۇ پەسكەشلىككە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلىۋالىدۇ....

داستاندا پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ پسىخىك ئۆزگىرىشلىرى لەززەتلىك مىسرالار بىلەن جايىدا سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئالىيجاپ گۈزەل پەزىلىتى بىلەن پەرھات ئوبرازى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. فېئوداللىق تەقىپ ۋە دىنىي ئىدىئولوگىيە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان، «ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان قاراش كىشىلەر ئىدىيەسىنى چىرمىۋالغان جاھالەتلىك تۇتقۇرا ئەسىر دەۋرىدە، نىزامىينىڭ پۈتۈن جەمئىيەت ئىدىئولوگىيىسىگە قارىمۇ - قارشى كېلىدىغان ئوبرازنى تۇرغۇزماي يارىتالىغانلىقى، ھەقىقەتەن قالتىس ئىش!

ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، نىزامىينىڭ بۇ داستانى ئەزەربەيجان ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» — 1188 - يىلى يېزىلغان. داستاندا فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاجىئەلىك تىراگېدىيىسى بايان قىلىنىپ، ئاز ساندىكى تىرىكتاپلارنىڭ نىكاھ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنسانلارنىڭ چىن - ۋاپادارلىق مۇھەببىتىنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئېيىبلەنگەن.

داستاندا ئېيتىلىشىچە، ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدا ئەقىللىق قەيس ئىسىملىك يىگىت بىلەن لەيلى ئىسىملىك قىز بىر - بىرىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. قەيس كۆيۈپ كەتكەن مۇ-

ھەيبەت لېرىكىلىرىنى يېزىپ، ئۆز مەھبۇبى لەيلىنى سۆيەتلەيدۇ. لېكىن لەيلىنىڭ دادىسى قىزنى قەيسكە بېرىشكە قوشۇلمايدۇ. قەيس دەرد - پىغان ئىچىدە قېلىپ، دەشت - باياۋانغا چىقىپ، ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. بۇ چاغدىمۇ ئۇ لەيلىنى كۆيلەنگەن نۇرغۇن شېئىرلارنى توقۇپ ئوقۇيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا «مەجنۇن» (ئاشىقلىق كېسىلى ياكى «ساراڭ» مەنىسىدە) دەپ لەقەم قويىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەجنۇن بازارغا كىرگەندە، كىشىلەرنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. دادىسى ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن مەككىگە ئېلىپ بارىدۇ. مەجنۇن خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندا، بىرسىنىڭ ئاغزىدىن لەيلىنىڭ سالام ئىسىملىك بىر بايۋەتچىچە بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېسىلى يەنە قايتىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ. لەيلى توي قىلغان بولسىمۇ، مەجنۇننى زادىلا ئۇنتۇپ قالالمايدۇ. دەل سالام ئاغرىپ ئۆلگەندە، لەيلى بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، مەجنۇن بىلەن توي قىلماقچى بولغاندا، مەجنۇن ساراڭلىق قىلىپ، مەن لەيلى بىلەن روھىي جەھەتتىن ئاللىبۇرۇن بىر بولۇپ بولغانىدىم، ئەمدى جىسمانىي جەھەتتىن بىر بولۇشنىڭ كارايىتى چاغلىق دەپ پەرۋاسىز يۈرۈيدۇ. لەيلى ئۆلگەندە، مەجنۇن پۇشايمانغا قاچا تاپالماي، مەھبۇبىنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا ئۆلىۋالىدۇ.

نىزامىينىڭ بۇ داستانى كېيىنكى دەۋرلەردە مۇشۇ تېمىدىكى كۆپلىگەن داستانلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئاساس بولغان.

«ھەفت پەيكار» («يەتتە گۈزەل» ياكى «يەتتە يۇلتۇز») داستانى 1197 - يىلى يېزىلغان. داستاندا شائىر بەھرام شاھنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەلنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارىشىنى يورۇتقان.

داستاننىڭ باش قەھرىمانى قەدىمكى پىرسىيىنىڭ سۇلتانى شاھى بەھرام بولۇپ، ئۇ گۇدەك چېغىدىن ئارتىپلا ئەترابلىق تەربىيە ئالغان، بېرىلىپ ئىزلىنىپ ئىلىم - پەن ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگەنگەن. بەھرام شاھ يەم - ياراسەتلىك ۋە قەيسەر بولۇپ، قاباھەتنى يېڭىپ تەختكە چىققان، باشقىلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆرنەك قىلىپ، ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىققان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەھرام شاھ بىر كونا قەلئەدە يەتتە ساھىپ جامالنىڭ ھەيكىلىنى كۆرگەن ھەم ھاياجانلىنىپ، «ھەفت ئىقلىم» (دۇنيانىڭ يەتتە يېرى) دىن يەتتە گۈزەلنى خانىش قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەشەمەتلىك يەتتە مۇنار ياساپ چىقىپ، ھەربىر مۇنار ئىچىدە بىردىن ساھىپجامالنى ئورۇنلاشتۇرغان. ساھىپجاماللار ئىران، جۇڭگو، ۋىزانتىيە، شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستان، خارەزىم ۋە سىلاۋىيەدىن كەلتۈرۈلگەن. شاھ بىر كېچە بىر مۇناردا تۈنەپ، بىردىن قىزىقارلىق ھېكايىلارنى ئاڭلىغان. ئۇ ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە مەست بولۇپ، ئەل ئىشى بىلەن كارى بولمىغان.

بىر كۈنى بەھرام شىكارغا چىققاندا، بىر چۇپاننىڭ بىر ئىتنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چۇپاندىن ئىشنىڭ تەكتىنى سورىغاندا، چۇپان ھازىر ئىت بىلەن بۆرە ئىل بىرىكىۋېلىۋالدى، شۇڭا، ئىتنى ئۆلتۈرۈش كېرەك دەپ جاۋاب بەرگەن. پادىشاھ چۇپاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان ئويغىنىپ، ئىزىقتۇ ۋەزىرلەرنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىپ، دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئېزىقتۇرغان يەتتە ئىزىقتۇنى خۇددى چۇپاننىڭ ئىتنى ئېسىپ ئۆلتۈرگىنىگە ئوخشاش ئېسىپ ئۆلتۈرگەن ھەم پادىشاھ بولماق ئاسان ئىكەن، ئۇنى ياخشى داۋاملاشتۇرماق قىيىن ئىكەن دەپ جاكالىغان. ئاخىردا شاھى بەھرام ھوزۇرگاھىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان ھېلىقى يەتتە مۇنارنى ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ ئاۋاپخانىسىغا ئۆزگەرتكەن، ئۆزى بولسا بىر غار ئىچىگە كىرىپ، كۆزدىن غايىب بولغان.

شائىر بۇ قىزىقارلىق ھېكايە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادىل، ئەلپەرۋەر پادىشاھ ھەققىدىكى ئارزۇسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرلىكتە يەنە شاھ بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاقىلانە ھالدا[1] بىر تەرەپ قىلغان.

«شاھى ئىسكەندەرنامە» 1200 - يىلىدىن كېيىن يېزىلغان.

بۇ داستان «شەرەپنامە» ۋە «بەختنامە» دىن ئىبارەت ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان. «شەرەپنامە» دە شاھى ئىسكەندەرنىڭ دەسلەپتە ئارىستوتىل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 384 - يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 322 - يىللار) بىلەن بىرلىكتە پەلسەپە تەتقىق قىلغانلىقى، كېيىنرەك دادىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پەم - پاراسەت بىلەن دۆلەتنى باشقۇرغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ئالەمگە داڭ چىقارغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مىسىرنىڭ ئۆزۈنچە ئېگىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقى، مىسىر شاھى ئىسكەندەردىن ياردەم سورىغاندا، ئىسكەندەرنىڭ زور چىقىم بەدىلىگە ئېگىرلارنى مەغلۇب قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. ئاخىردا ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقى بايان قىلىنغان، ئىسكەندەر ئولجا ئالغان نۇرغۇن بايلىقنى ئىران پادىشاھىغا تەقدىم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىران شاھى ئۇنى يەنىلا كۆزگە ئىلمىغان. بۇنىڭدىن رەنجىگەن ئىسكەندەر ئىران شاھىغا ئولپان بېرىشنى توختاتقان. شۇ ۋەجىدىن ئىسكەندەر بىلەن ئىران شاھى ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان قانلىق ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ئىسكەندەر ئىران جاسۇسلىرىنى پۇلغا سېتىۋالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىران شاھى قەتلى قىلىنغان. نەتىجىدە ئۇرۇش ئىسكەندەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلاشقان. كېيىن ئىسكەندەر يەنە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان. ئۇ ئەسلىدە جۇڭگونىمۇ يوقىتىۋېتىشنى پىلانلىغان، ئەمما تىنچلىق سۆيەر جۇڭگو پادىشاھىنىڭ نەسىھىتى بىلەن يامان نىيىتىدىن يانغان.

«بەختنامە» دە، شاھى ئىسكەندەرنىڭ كېيىنكى ئىش - ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن. شەرققە يۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېرىشكەندىن كېيىن، ئىسكەندەر شاھ ھەرقايسى ئەل دانىشمەنلىرىنى يىغىپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، ئىنساننىڭ پەيدا بولۇشى... دېگەندەك چوڭ - چوڭ پەلسەپىۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە مەجلىسلىرىنى ئۆتكۈزگەن. بىر كۈنى ئىلاھ روھى ئىسكەندەرنى پۈتۈن ئالەم خەلقىنى ياخشىلىق تەرەپكە باشلاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالەمشارا ساياھەتكە چىقىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ساياھەتكە قورال ئەمەس، بەلكى قەدىمكى يۇنان دانىشمەنلىرىدىن بولغان ئارىستوتېل، سوقرات (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 469 - يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 399 - يىلغىچە) ۋە ئەپلاتون (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 429 - يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 347 - يىلغىچە) لارنىڭ كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ بارغان. ئۇ پۈتكۈل يەر شارىنى ئايلىنىپ، ئەڭ شىمال چېتىگە بېرىپ قارىسا، ئۇ يەردە ئاجايىپ بىر دۆلەت تۇرغىدەك: ئىشىكلىرىغا قۇلۇپ سېلىنمىغان، مەدرىسلەرنىڭ ئىچى يوق؛ ئۇ يەردە پۇل دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، باي - كەمبەغەل دېگەنلەر يوق، جىمى خەلق باراۋەر، ئەركىن ۋە باياشات. بۇلارنى كۆرۈپ ئىسكەندەر ھەيران قالغان. ئۇ قايتىپ دۆلىتىنى شۇنداق قۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن. لېكىن قايتىش سەپىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن...

شائىرنىڭ بۇ داستانىدا تەسۋىرلىگىنى گەرچە ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر بولسىمۇ، لېكىن داستاندىكى ۋەقەلىكلەر شاھى ئىسكەندەرنىڭ ھۆججەتلىك تارىخى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئاپتورنىڭ ئىسكەندەر ئوبرازى ئارقىلىق ياراتقان گۈزەل غايىۋى جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنىشى. دېمەك، ناھايىتى ئېنىقكى، دانىشمەن شائىر نىزامىي ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن بىزار، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، باياشاتلىق بولغان يېڭى بىر جەمئىيەتكە ئىنتىزار.

## (2) دېھلەۋى ۋە ئۇنىڭ خەمسەسى

ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مۇتەپەككۇر، ئەدىب، ئۇ جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى يەنى ھىندىستاندا پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىدا كىشىگە ھوزۇر بەخش قىلىدىغان ئاجايىپ گۈزەل لىرىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتتىكى تالانتىنى نامايان قىلغان.

شائىرنىڭ دادىسى ئەمىر سەيفىددىن ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيالىق تاجىكلار پېرشەندىن بولۇپ، موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئاياق ئاستى قىلغاندا، ئۇ ئاپەتتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ھىندىستانغا بارغان.

ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى شىمالىي ھىندىستاندا دۇنياغا كەلگەن ھەم مۇشۇ يەردە بىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ دېھلى شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ ماكان-

ئىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دېھلەۋى» سۆزىنى قوشۇپ تەخەللۇس ئورنىدا قوللانغان.

خىسراۋ دېھلەۋى ھەققىدىكى تەتقىقاتچىلار ئادەتتە ئۇنى «ھىندى — پارس ئەدەبىياتى» نامى بىلەن ھىندىستان ئەدەبىياتى تارىخىغا كىرگۈزىدۇ. ماكان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇنداق ئاتاش خاتا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر پۈتۈن پارس — تاجىك ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتلىرىغا كۆرسەتكەن غايەت زور تەسىرىدىن قارىغاندا، ئۇنى دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىغان ئەدىب دەپ قاراش ئوبيېكتىپراق بولىدۇ.

خىسراۋ دېھلەۋى خەمسەسىنىڭ نامى «پەنج گەنج» («بەش چوڭ خەزىنە») بولۇپ، ئۇ، «مەتلا ئول ئەنۋار» («مۇقەددەس نۇر») «شىرىن — خىسراۋ»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ئەينايى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەرنىڭ بۈيۈك ئىزى») ۋە «ھەشت بېھىشت» («سەككىز جەننەت») دىن ئىبارەت بەش چوڭ داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«مەتلائول ئەنۋار» شائىرنىڭ پەلسەپىۋى داستانى بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا رەڭگا ـ رەڭ پېرسوناژلار پائالىيەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبىئەت — كائىنات، جەمئىيەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي ئەخلاق، دىنىي ئېتىقاد، ئەمگەك ـ ھۈنەر، ئىلىم ـ پەن ۋە باشقا چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. داستاننىڭ ۋەقەلىكلىرى بىلەن تىلى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، ئوقۇغۇچىغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ. شائىرنىڭ قەلىمى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە قارىتىلغان. داستاندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئاز ساندىكى ھارامخورلارنىڭ ۋەھشىلىكى ۋە پەسكەشلىكلىرى سېلىشتۇرۇلۇشىدىن شائىرنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرەت خاھىشى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

«شىرىن — خىسراۋ» دېھلەۋىنىڭ لىرىك مۇھەببەت داستانى. شائىر شىرىن بىلەن خىسراۋدىن ئىبارەت ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەرنى ۋە ئوخشىمىغان تەبىقىلەرنىڭ ئوخشىمىغان مۇھەببەت قاراشلىرىنى شەرھىلەش ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ پاك ـ ساپ سۆيگۈ مۇھەببىتىنى مەدھىيىلەپ، ئەركىن مۇھەببەتنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئودال نىكاھ سودىسىنىڭ يىرگىنچلىك ماھىيىتىنى پاش قىلىدۇ.

«لەيلى ـ مەجنۇن» مۇ شائىرنىڭ لىرىك سۆيگۈ داستانى. داستاندا شائىر لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت تراگېدىيىسى ئارقىلىق ۋىسال يولىدا سۆيگۈ دەردىدىن «مەجنۇن» بولغان يىگىت ـ قىزلارنىڭ پاجىئەسىگە ئېچىنىدۇ. مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئەيىبلەيدۇ. داستاندىكى ئاشىقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان مەجنۇننىڭ كەچۈرمىشلىرى تەسىرلىك ۋە ئېچىنىشلىق بولۇپ، ئوقۇغاندا ئادەم بىئاقەت بولىدۇ.

«ئەننايى ئىسكەندەر» بەشىر خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ غايىۋى گۈزەل جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن داستان بولۇپ، شائىرنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئىسكەندەر ئادالەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر شاھ. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتتە كىشىلەر ھەممە جەھەتتە باب - باراۋەر، ئەركىن، باياشات بولۇپ، خۇددى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن بېھىشتتا ئوخشايدۇ. شائىر شاھى ئىسكەندەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق، بىر جەھەتتىن، رېئال جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمران شاھلارغا بولغان نارازىلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، شىكايەت بىلەنلا توختىماي، ئەڭ مۇھىمى يېڭى - يېڭى بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«ھەشت بېھىشت» — پەندى - نەسىھەت - دىداكتىك داستان. شائىر خىلمۇ - خىل قىزىقارلىق ھېكايىلار، تەمسىللەرنى ۋاسىتە قىلىپ، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ گۈزەللىك تەرەپلىرىنى مەدھىيىلەپ، چاكىنا، بولمىغۇر تەرەپلىرىنى تەنقىدلەپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى پاك - ساپ، ۋىجدانلىق ياشاشقا دەۋەت قىلىدۇ. داستاندا شائىرنىڭ قەلەم ئۇچى توغرىدىن - توغرا خەلقنىڭ ئاھۇ - زارى بىلەن كارى بولماي ئۆزىنىڭ كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرىتىگە بېرىلىپ كەتكەن شاھلارغا قارىتىلغان. داستاننىڭ كىچىك ھېكايىلار ۋەقەلىكلىرى قىزىقارلىق بولۇپ، ئوقۇغاندا كىشى ئۆزىنى خۇددى شۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقاندەك، شۇ پېرسوناژلار بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئۇلۇغ قىممىتىمۇ مانا مۇشۇ يەردە!

### ‹3› جامى ۋە ئۇنىڭ خەمسەسى

ئابدۇراخمان جامى — تاجىكلارنىڭ XV ئەسىردىكى ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ۋەزەبەر دەست شائىرى. ئۇ مىلادىنىڭ 1414 - يىلى خوراساننىڭ جام دېگەن يېرىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئىسپاھان شەھرىدىن بولۇپ جامى كىچىك چېغىدىلا دادىسى بىلەن ئەينى زامان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھېرات شەھرى (ھازىرقى ئافغانىستاندا) گە كېلىپ ماكانلاشقان ھەم بۇ يەردە ئوقۇغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇ دەسلەپتە نىزامىيە مەدرىسىدە تىل - ئەدەبىيات ۋە دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم ساياھەتكە چىقىپ، ھەمەدان، كوردىستان، باغدات، مەككە، دەمەشق، تەبرىز، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ، ھەر ساھە، ھەر تەبىقە كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان، دانىشمەنلەرنى زىيارەت قىلغان، سوپىزم داھىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇ پەلسەپە، ئىلاھىيەت، دىنىي مەزھەپلەر، تارىخ، جۇغراپىيە، تىل - ئەدەبىيات، ئېتنوگىرافىيە، مەنتىق، ئېتىكا، مۇزىكا - سەنئەت، تەرجىمەالشۇناسلىق، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، قۇرئانشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردە كەڭ دائىرىدىكى بىلىم ۋە ماتېرىيالغا ئىگە

بولغان، ساياھەتتىن كېيىن، ھېراتقا قايتىپ كېلىپ، تاجىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى پائالىيىتىنى باشلىغان. 1492 ـ يىلى بۇ ئۇلۇغ زات پانىي ئالەمدىن ئايرىلغان.

«ھەفت ئەۋرەڭ» («يەتتە يۇلتۇز») — «خەمسە جامى» نىڭ نامى. ئۇ «لەيلى ـ مەجنۇن»، «ئىسكەندەرنامە»، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا»، «سالامان ـ ئەبسال»، «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۆرلەر سوغىسى» ۋە «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىسى» دىن ئىبارەت يەتتە چوڭ داستاننىڭ بىرىكمىسىدۇر.

«لەيلى ـ مەجنۇن» لىرىك مۇھەببەت داستانى. ئۇنىڭدا لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرى ئارقىلىق فېئودالىق نىكاھ تۈزۈمى قامچىلانغان. شائىر لەيلى ـ مەجنۇنغا ئوخشاش ۋىسال يىغانى ئىچىدە قالغان ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ پاجىئەلىرىدىكە ئېچىنىدۇ، مۇھەببەتتە ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، فېئودال دىنىي قائىدە ـ تۈزۈملىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشقا، بولۇپمۇ ئۆزگەرمەس ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان ئايال ـ قىزلارنى كەمسىتىدىغان ئادەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ.

«ئىسكەندەرنامە» داستانىدا جامى شاھى ئىسكەندەرنى ئادىل شاھلارنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، گۈزەل غايىۋى جەمئىيەتنىڭ كۆركەم كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈرگەن. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بۇ غايىۋى جەمئىيەتتە ئىسكەندەر شۇنداق بىر ئادالەتلىك، مەرىپەتلىك ۋە ئەلپەرۋەر شاھكى، ئۇ ئۆز ئېلىدا ئادالەت ۋە ئاسايىشلىقنى ياراتقان، بۇ ئەلدە ھەممە كىشى باب ـ باراۋەر، باي ـ كەمبەغەل، ئېزىش ـ ئېزىلىش، ئېسىل ـ پەس دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بولسا بىر خىل مېھرى ـ شەپقەتلىك مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. شائىر شۇنداق جەمئىيەتنىڭ كۆركەم خەرىتىسىنى سىزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرگەن. قاباھەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە تىغ ئۇچى دەلمۇ ـ دەل فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە قارىتىلغان بۇنداق داستاننىڭ بارلىققا كېلىشى، ئاددىي ئىش بولماستىن، بەلكى بىر مۆجىزىدۇر.

«سالامان — ئەبسال» مۇ شائىرنىڭ سۆيگۈ قىسسى داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا سالامان بىلەن ئەبسالنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەنگەن. ئەبسال تولۇن ئاي كەبى گۈزەل ساھىپ جامال، سالامان بولسا شاھزادە. دەل ئۇلارنىڭ چىن مۇھەببىتى جەمئىيەتنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغاندا، ئەبسال قىز گۈلخان ئىچىگە سەكرەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. شاھزادە سالامان گۈزەل ۋاپادارىنىڭ دەردىدە ئەقىل ھوشىدىن كېتىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا بىر ئاقىل ئەبسالنىڭ كۆركەم سۈرىتىنى سىزىپ چىقىپ، ئۇنى سالامان شاھزادىگە بېرىدۇ. سۈرەت ئۇنىڭ يۈرەك دەردىگە شىپا بولىدۇ. شائىر بۇ ۋەقەلەر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ماھ-

يىتىش ئىچىپ تاشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەتنىڭ ئىنسان مەنىۋى ھاياتىدىكى ئۇلۇغ كۈچىنى نامايان قىلىدۇ.

«يۈسۈپ — زۇلەيخا» جامىنىڭ خەمسەسى ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ۋە شائىرغا شان - شەۋكەت ئېلىپ كەلگەن ئىرىك مۇھەببەت داستانى. داستاننىڭ خام ماتېرىيالى يېقىندىن ئالغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «قۇرئان» دىكى ھېكايىلەرگە؛ يىراقتىن ئالغاندا، خرىستىيان دىنىنىڭ دەستۇرى — «ئىنجىل» ھېكايىلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. داستاندا يېزىلىشىچە، ياقۇپ پەيغەمبەر ئۆز پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئەڭ كىچىك ئوغلى يۈسۈپنى بەكرەك ئىززەتلەيدىكەن. بۇنىڭغا يۈسۈپنىڭ چوڭ ئاكىسى ھەسەتخورلۇق قىلىپ، يۈسۈپنى قەتلى قىلىش كويىدا يۈرۈيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يۈسۈپكە قەست قىلماقچى بولغاندا، باشقىلار سېزىپ قېلىپ، يۈسۈپ شاھزادىنى ئۇنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، مىسىر شاھ ئوردىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. مىسىر شاھىنىڭ ئەڭ كىچىك خانىشى گۈزەل زۇلەيخا يۈسۈپنى كۆرۈپلا چىن دىلىدىن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم يۈسۈپكە دىل رىشتىسىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، دىلى پاك يۈسۈپنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئىش زۇلەيخانىڭ جېنىغا تېگىپ، ئۇنىڭ سەپراسىنى قوزغىتىدۇ. نەتىجىدە زۇلەيخانىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن پادىشاھ يۈسۈپنى زىندانغا تاشلايدۇ...

ئارىلىقتىن ئۇزۇن يىللار ئۆتىدۇ. يىللارنىڭ بىرىدە مىسىردە ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىدۇ. مىسىر پادىشاھى تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرگەن مۈشكۈلات ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى چاندۇرۇپ قويىدۇ. زىنداندىكى يۈسۈپ شاھقا مەكتۇپ كىرگۈزۈپ، شاھتىن تەبىئىي ئاپەتنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزىنى زىنداندىن چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شاھ ئامالسىزلىقتىن يۈسۈپنى زىنداندىن چىقىرىدۇ. يۈسۈپ شاھزادە ئەلنى باشلاپ تەبىئىي ئاپەتكە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، قىيىن ۋەزىيەتنى پايدىلىق ۋەزىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. يۈسۈپ شاھزادە ئەل ئىچىدە كاتتا ئابروي قازىنىدۇ. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن مىسىر شاھى تەختنى يۈسۈپ شاھزادىگە بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

زۇلەيخاغا كەلسەك، ئۇ ۋىسال جۇداسىدىن ئازابلىنىپ، گۈزەل جامالى بارا - بارا ئۆچۈپ، بىقارار قېرىشقا يۈزلىنىدۇ. بولۇپمۇ پادىشاھ ئېرى تەختتىن يىقىلغان ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، زۇلەيخا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىر كۈنى يۈسۈپ پادىشاھ سەپەردە كېتىۋېتىپ، يولدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، غېرىبسىنىپ كېتىۋاتقان زۇلەيخانى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ زۇلەيخانىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرۈپ، يۈرىكى جىغىدە ئىتتىرەيدۇ. يۈسۈپ شاھ ئۇلپارىدىن چۈشۈپ، ئاللاغا سەجدە ۋە دۇئا - تالاۋەت قىلىپ، شۇ يەردىلا زۇلەيخانى ئەمرىگە ئالىدۇ. ياش زۇلەيخانىڭ گۈلى ئېچىلىپ، گۈزەل ھۆسنى ئەسلىگە كېلىدۇ. داستان يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخانىڭ جۈپلە-

شىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. داستاننىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، پېرسوناژلىرى كۆپ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇش ئالاھىدىلىكى كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ.

جامىنىڭ سوپىزم پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان داستانلاردىن «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ھۆرلەر سوغىسى»، «ئىخلاسمەنلەر تەسۋىسى» بار. بۇ داستانلاردا ئاساسەن سوپىزم ئەقىدە - تەلىماتلىرى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇڭا، بۇ ئۈچ داستان سوپىزمچىلار ئارىسىدا ناھايىتى ئەتىۋارلىق ھېسابلىنىدۇ.

## ‹ 4 › ناۋائىي ۋە ئۇنىڭ خەمسەسى

ئەلشىر ناۋائىي ئۇيغۇر — ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ XV ئەسىردىكى مەشھۇر شائىرى، پەيلاسوپ، دۆلەت ئەربابى. ئۇ 1441 - يىلى ھىراتتا تۇغۇلۇپ، 1501 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ناۋائىي ئۆز زامانىسىدىكى خوراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ھەم دوستى ئىدى. شۇ مۇناسىۋەتتىن، ئۇ بىر مەزگىل ھۈسەيىن ھاكىمىيىتىدە ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەن. ئوردىدا ئۇ خەلققە بەخت يارىتىش يولىدا تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكتىن، ھاكىمىيەت ئەتراپىدىكى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن، ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، چەت جايلارغا ئەۋەتىلگەن. كېيىنكى چاغلاردىكى ناۋائىي ھاكىمىيەت ئىشىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ئاساسەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ناۋائىي خەمسەسى «ھەيرەتۇلئەبرار»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھات ۋە شېرىن»، «سەبئى سەييارە» ۋە «سەددى ئىسكەندەر» دىن ئىبارەت بەش چوڭ داستاندىن تەركىب تاپقان.

«ھەيرەتۇلئەبرار» 1483 - يىلى يېزىلغان پەلسەپىۋى داستان بولۇپ، مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا 12 بابتىن تۈزۈلگەن. مۇقەددىمە قىسمىدا شائىر ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن خەمسە پىرلىرى نىزامىي گەنجەۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراخمان جامىلار توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بېرىشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ بۇ داستاننى يېزىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلغان. داستاننىڭ رەسمىي قىسمىدا، شائىر ئەخلاق، دىن، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ھايات توغرىسىدا بىر - بىرلەپ توختالغان. ناۋائىي جاھالەت، رەزىللىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنى قاتتىق قامچىلاپ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ بىلىم تەشنالىقى بىلەن تونۇلۇش قارىشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. داستاننىڭ خاتىمىسى ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ئەسەرنىڭ يەكۈنى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك دۇنيا قارىشى بىلەن داستاننىڭ يېزىلىش جەريانىدىكى ئەگرى - توقايلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنغان.

«لەيلى ۋە مەجنۇن» 1484 - يىلى يېزىلغان. مۇھەببەت تېما قىلىنغان بۇ داستاندا، لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ مۇھەببەت يولىدىكى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى

گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. شائىر بۇ ئىككى ياشنىڭ تەقدىرىگە ئىچ ئاغرىتىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى فېئوداللىق ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشىغا، ئايال - قىز- لارنى تاۋارلاشتۇرۇشقا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان.

«پەرھات — شىرىن» 1484 - يىلى يېزىلغان. بۇ ناۋائىينىڭ ئەڭ مەشھۇر داس- تانى بولۇپ، بۇنىڭدا چىن شاھزادىسى پەرھات بىلەن ئەرمەن ساھىپ جامالى شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدۇ.

پەرھات بىلەن شىرىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشى بىلەن بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇققا ئايلىنىدۇ. ئىران پادىشاھى خىسراۋ شىرىننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، خىلمۇ - خىل ھىلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، شىرىننى ئەمرىگە ئالماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئاچقۇچلۇق پەيتتە خىسراۋ جادىگەر كەمپىرنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، پەرھاتنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەرمەنىيىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ئەنسىرەپ، شىرىن خىسراۋگە خانىش بولۇشقا نائىلاج قوشۇلىدۇ. بىراق، خىسراۋنىڭ ئوغلى شىرىننىڭ زىبالىقىنى كۆرۈپ، شاھ دادىسىنى ئۆل- تۈرۈپ، شىرىننى ئالماقچى بولىدۇ. شىرىن مېھرىبان يارى پەرھاتنىڭ ماتەمگە قاتناش- قاندا، ئۆزىنى پەرھاتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ. شائىر پېرسوناژلار خاراكتېرى ئارقىلىق زالىم پادىشاھلارنىڭ ئاچكۆزلىكى بىلەن ھاماقەتلىكىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

«سەبئى سەييارە» 1484 - يىلى يېزىلغان. داستاندا يېزىلىشىچە، ئىران شاھى بەھرام قىممەت ئالتۇن بەدىلىگە چىن سودىگىرىدىن ئۇسسۇل - ناخشىغا ماھىر، سازچى دىلئارام ئىسىملىك گۈزەل بىر قىزنى سېتىۋالىدۇ. پادىشاھ دىلئارام بىلەن بولۇپ كېتىپ، دۆلەت ئىشىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. بىر كۈنى ئۇ شىكارغا چىقىپ، دىلئارامدىن ئۆزىنى مەدھىيىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن دىلئارام ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بەھرام شاھ قىزنى زەنجىر بىلەن باغلاپ بىر دەشتتە باياۋانغا تاشلىۋې- تىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن پادىشاھ ئەتۈچۈندۇر پۇشايمان قىلىپ، قىزنى قايتۇرۇپ كېلىشكە چىقسا، قىزنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتۇ. شاھ دىلئارامنىڭ دەردىدە ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ. تۆت نەپەر ئاتاقلىق تىۋىپ شاھ كېسىلىنى داۋالىغان بولسىمۇ شىپا بەرمەيتۇ. شاھ يەتتە سەييارە تەقلىدىدە يەتتە قەسىر ياساشنى بۇيرۇق قىپتۇ. ھەر- بىر قەسىردە يەتتە ئىقلىمدىن كەلتۈرۈلگەن بىردىن گۈزەل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. شاھ بىر قەسىردە بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ بىردىن ھېكايە ئاڭلاپتۇ. بىرىنچى كېچە، ئۇ ھىندىس- تان شاھزادىسىنىڭ سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا قانداق ئاشىق بولغانلىقى ھەققىدىكى ھې- كايىنى؛ ئىككىنچى كېچە، رۇم شەھىرىدىكى بىر زەرگەرنىڭ پادىشاھنىڭ ئالتۇن- كۈمۈچىنى ئوغۇرلاپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى؛ ئۈچىنچى كېچە، مىسىر سودىگەرنىڭ ئوغلى قانداق قىلىپ ئۈچ چوڭ مۇشكۇلاتنى يېڭىپ، پادىشاھ مەلىكىسىنى

ئالغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىسى؛ تۆتىنچى كېچە، قۇلاق كەستى يىگىتنىڭ قانداق قىلىپ ھىندىستان پادىشاھىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىسى؛ بەشىنچى كېچە، دېڭىز قاراقچىسىنىڭ قانداق قىلىپ مەلىكىنى بولاپ كەتكەنلىكى ۋە مەلىكىنىڭ يەنە قانداق قىلىپ دېڭىز قاراقچىسىنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىسى؛ ئالتىنچى كېچە، راستچى بىلەن يالغانچىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدىكى ھېكايىسى؛ يەتتىنچى كۈنى، خارەزىملىق بىر مۇزىكانت سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى ئاڭلايدۇ. بۇ ھېكايىلاردىن خارەزىملىق مۇزىكانتنىڭ ھېكايىسى پادىشاھنى ئالاھىدە قىزىقتۇرۇپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ مۇزىكانت ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ — بىر چىن سودىگىرى بىلەن ئۇنىڭ بىر ياقما قىزىنى كۆردۈم. ياقما قىز سۈرەتتە خۇددى ئاي، ناخشىدا بەئەينى بۇلبۇل ئىكەن. خارەزىم شاھى قىزنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىز ئۇنىمىغان، قىزنىڭ ئىسمى دىلئارام ئىكەن...

بەھرام شاھ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ دەس تۇرىدىن تۇرۇپتۇ-دە، تولپار مىنىپ سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇ دىلكەش خانىشنى تېپىپ ئوردىغا كەپتۇ. كەيىپ-ساپا تۇرمۇش يېڭىدىن باشلىنىپتۇ. بىراق، بىر كۈنى بەھرام شاھ شىكارغا چىققاندا، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. ھەممە يەر سەل ئاستىدا قاپتۇ. بەھرام شاھمۇ 10 تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن بۇ قېتىملىق زور سەلگە يەم بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇسلۇب ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتورنىڭ بۇ داستانى مەنتىقىلىق بولۇپ، ئۇ ئەپچىل بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق قۇدرەتلىك بەھرام شاھنىڭ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلىنىپ، ئاخىر ئۇزۇل-كېسىل يوقالغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت بىلەن خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالى بىلەن چاتىقى بولمايدىغان ھۆكۈمرانىڭ ھامان بىر كۈنى تەل-تۆكۈس تەرك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەسۋىرلىگەن.

«سەددى ئىسكەندەر» 1485-يىلى يېزىلغان.

شائىر تارىخنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى داستانىنىڭ مۇقەددىمىسى قىلىپ، تەدرىجىي تارىخىي بۈيۈك شاھ ماكىدونىيىلىك ئالېكساندىرنى تەسۋىرلەشكە ئۆتكەن.

داستاندا بايان قىلىنىشىچە، ئىسكەندەر شاھلىق تەختكە چىقىش بىلەن تەڭلا خەلققە زىيان-زەخمەت سالغان چىرىك ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالايدۇ، خەلق ئۈستىدىكى خىلمۇ-خىل باج-سېلىقلارنى كېمەيتىدۇ، ئىران پادىشاھىغا ئولپان تاپشۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. نەتىجىدە ئىران شاھى بىلەن ئىسكەندەر شاھ ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان قانلىق ئۇرۇش پارتلايدۇ. ئىككى تەرەپ تازا ئىركىشىۋاتقاندا، ئىران پادىشاھى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ساتقىن تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەر ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىدۇ. بۇ چاغدا ھەرقايسى خانلىقلار ئىسكەندەر

بەك قۇدرەتلىك شاھ، لېكىن ئۇ كەشمىر، ھىندىستان ۋە جۇڭگوغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، دەپ ئۆزئارا گەپ تالىشىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىسكەندەر ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتمەك بولۇپ، شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇ كەشمىر، ھىندىستان دېگەنلەرنى ھايت-ھۇيت دېگىچە بېسىۋالىدۇ. ئۇ جۇڭگوغا بېسىپ كىرمەكچى بولغاندا، جۇڭگو خانى چىقىپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئىسكەندەرمۇ پىلانىدىن ۋاز كېچىدۇ. جۇڭگو شاھى ئىسكەندەر شاھقا پەرىزات كەبى بىر گۈزەلنى تەقدىم قىلىدۇ. بۇ قىز ھەم ناخشىچى ھەم قەيسەر بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئىسكەندەرنى نۇرغۇن خېيىم-خەتەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ئىسكەندەر شاھ شەرققە يۈرۈشنى تاماملاپ، دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە، بىر كوھىستان شاھلىقىغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ تاغ دۆلىتى دائىم تاغ ئارقىسىدىكى بىر ياۋايى قەبىلىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىسكەندەر شاھ تاغ ئارىسىدا دۈشمەننىڭ يولىنى تۇزۇپ تاشلايدىغان بىر مۇداپىئە قەلئەسى ياسىغان (مەزكۇر داستاننىڭ نامىمۇ مۇشۇ قەلئەگە ئاساسەن قويۇلغان).

ئىسكەندەر شاھ دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، ئاساسەن پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئىككى قولى مۇردا ساندۇقنىڭ سىرتىدا چىقىرىلغان، ئېيتىشلارچە، بۇ ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيىتى ئىكەن. ئۇنىڭ مەنىسى — ئىسكەندەر جاھاندا تەڭ قۇدرەتلىك شاھ، لېكىن ئۇمۇ پانىي ئالەمدىن قۇرۇق قول قايتتى، دېمەك ئىكەن.

ناۋايىنىڭ نەزىرىدە ئىسكەندەر ئىلىمپەرۋەر ۋە ئادالەت شاھ. «ئىسكەندەر قەلئەسى» ھەققانىيەتلىكنىڭ سىمۋولى. دېمەك، بۇنىڭدىن شائىرنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئارزۇ-ئارمىنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### ٤. تۆت بۈيۈك خەمسە ئۇستىلىرىنىڭ خەمسەلىرى توغرىسىدا سېلىشتۇرما

نىزامىي گەنجەۋى، خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى ۋە ئەلىشىر ناۋايىنىڭ خەمسەلىرىنى تەپسىلىي ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ خەمسەلىرى ئىدىيىۋى خاھىش، مەۋقە، زامان پۇرىقى، بەدىئىي ماھارەت، تىل سەنئىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتە بىر-بىرىدىن ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلەنسىمۇ، ماكرو جەھەتتىن تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ خەمسەلىرى كۆپ جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. بۇ ئورتاقلىقلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ناھايىتى قىسمەنلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۆت خەمسەچىنىڭ خەمسەلىرىنىڭ نامى ئوخشاش.

ئىككىنچىدىن، تۆت خەمسەنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ئاساسەن ئوخشاش، ھەممىسى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلق ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان.

ئۈچىنچىدىن، مەزمۇن جەھەتتە، تۆت خەمسەچىنىڭ خەمسەلىرى ئىچىدىكى داستانلاردىن بىرىدىن پەلسەپىۋىلىك داستان، ئىككىدىن مۇھەببەت داستانلىرى، بىردىن

ئىسكەندەر ئوبرازى ئارقىلىق يارىتىلغان غايىۋى جەمئىيەت مەنزىرىسى ھەققىدىكى داستان، يەنە بىرىدىن ئەل غېمى بىلەن كارى بولمىغان شاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرى تەسۋىرلەنگەن داستان. دەرۋەقە، تۆت خەمسەنىڭ مەزمۇنلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش دېگىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئۇسلۇب جەھەتتە، تۆت خەمسەنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، شائىرلار قەدىمكى ئارقىلىق رېئاللىقنى پاش قىلىش ۋاستىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ. تۆت خەمسەدە يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ نامىدا پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئوبرازلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاساسەن ئوخشاۋراق كېلىدۇ.

بەشىنچىدىن، تۆت خەمسەنىڭ ئۈچى پارس، بىرى تۈركىي ئەدەبىي تىلى بىلەن مەسنەۋى شېئىرىي شەكلىدە يېزىلغان ۋە باشقىلار.

ماقالىنىڭ خاتىمىسىنى ئەسلىدىكى تېما بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىچىككىنە بىر مەسىلە ھەققىدىكى مۇھاكىمە بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچىمىز.

كلاسسىك داستانلاردىن «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھات - شېرىن» (ياكى «خىسراۋ - شېرىن»)، «يۈسۈپ - زۇلەيخا»، «ئىسكەندەرنامە» قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنسىلا ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا «مېنىڭ - سېنىڭ» دەپ تالىشىدىغان ئەھۋاللارنى پات - پات ئۇچرىتقىلى بولىدۇ. بۇ بىر خىل چۈشەنمەسلىكتىن پەيدا بولۇۋاتقان ئورۇنسىز تالاش - تارتىشلار. بۇ ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى يەنىلا كلاسسىك خەمسەچىلىككە بېرىپ تاقىلىدۇ. مەسىلەن، «لەيلى بىلەن مەجنۇن»نى مىسالغا ئالساق، ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي مۇشۇ تېمىدا داستان يازغانىدى. شۇڭا، ئەزەربەيجان خەلقى ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ مىراسى ھېسابلايدۇ. خىسراۋ دېھلەۋى بىلەن ئابدۇراخمان جامىلار مۇشۇ تېمىدا داستان يازغانىدى. شۇڭا، پارس - تاجىك خەلقلىرى ئۇنى ئۆز مىللەتلىرىنىڭ خەزىنىسى دەپ قارايدۇ، ئەلشىر ناۋائىي مۇشۇ تېمىدا داستان يازغانىدى، ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى ئۇنى ئۆز مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقى دەپ ھېسابلايدۇ ۋە باشقىلار. دېمەك، بىر «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇنى بىرەر مىللەتنىڭ مىراسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تارىختا قايسى مىللەتتىن كىم خەمسە يازغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شۇ مىللەت كىشىلىرى خەمسە ئىچىدىكى داستانلارنى «مېنىڭ» دېيىشكە ھەقلىق. ئەمما شۇنى يەنە كۆرسىتىش كېرەككى، خەمسە ئىچىدىكى داستانلارنى ئۆزىنىڭ دېگەندە، باشقىلارنىڭ ئەمەس دېيىشكە تېخى بولمايدۇ؛ ئەگەر شۇنداق دەپ تۇرىۋالسا، ئۇ بىرى، بىمەنىلىكنىڭ ئىپادىسى، يەنە بىرى، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ.

# چاغاتاي تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئابدۇرۇپ پولات

چاغاتاي تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسى»①، «چاغاتاي تىلى فونېتىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتتە ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلىنىش بىلەن بىللە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆز ئىبارىلەرنى ھەم بىر مۇنچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ»② دېگەندەك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە، توغرا چۈشەنچىلەر بىلەن بىر قاتاردا «چاغاتاي تىلى جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قالغان يېزىق» دەيدىغان تولىمۇ بىر تەرەپلىمە ۋە ناتوغرا قاراشمۇ بار.

بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە چاغاتاي تىلى دېگىنىمىز، XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلغان ئەدەبىي تىلنى كۆرسىتىدۇ. چاغاتاي تىلىنى «ئەدەبىي تىل» ياكى «يېزىق تىلى» دېگەندە، مەزكۇر تىلنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئېتنىك شەكىللىنىشى ۋە تىل-يېزىق تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي مىللەت ۋە قەبىلەر ئۈچۈن «ئورتاق تىل» بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمدى، خاس ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي تىلىنى «يېزىق تىلى»، «يازما ئەدەبىي تىل» ياكى «مۇللام تىلى» دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، چاغاتاي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، خاقانىيە تىلى (قەشقەر تىلى) نىڭ چاغاتاي خانلىقى باش بولغان يېڭى تارىخىي دەۋردىكى بىۋاسىتە راۋاجىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چاغاتاي تىلى ئۆز زامانىسىدا، «چاغاتاي تىلى»، «تۈرۈكچە» دەپ ئاتىلىش بىلەن بىر چاغدا، «قەشقەر تۈرۈكچىسى» دەپمۇ ئاتالغان.③ خوش، چاغاتاي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنىكەن ۋە ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇيغۇر زىيالىلىرى تەرىپىدىن

ئىشلىتىلىپ كەلگەنىكەن، ئۇنداقتا مەزكۇر تىل ئەينى زاماندا ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ جانلىق تىلى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئالاقىسىز، ئۆز ئارا تەسىر قىلىشمىغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

بىز چاغاتاي تىلىنى «جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قالغان يېزىق تىلى» دېيىش توغرا ئەمەس دېگەنىمىزدە، تۆۋەندىكىلەرنى ئاساس قىلىمىز.

1 - چاغاتاي تىلىنى «جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قالغان يېزىق تىلى» دېيىش مەنتىقىگە سىغمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي تىل (ياكى يېزىق تىلى) ئەمەلىيەتتە جانلىق تىلنىڭ قېلىپلاشقان بەدىئىي شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ئۇلىسىز كۆركەم ئىمارەت، تۇپراقسىز ئۇخشىغان زىرائەت بولمىغىنىدەك، جانلىق تىلسىز ئەدەبىي تىلنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق بىر ئەدەبىي تىل (مەيلى ئۇ بىر قانچە مىللەت، قەبىلە، ئەربىدىن بىللە قوللىنىلغان ئورتاق تىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) نىڭ ئالنە ئەسىرگىچە جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە شارائىت توپەيلى ئەدەبىي تىل بىلەن جانلىق تىل بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قالغان دېيىلگەندىمۇ، بۇ خىل ئايرىلىپ قېلىش ئالتە ئەسىر داۋاملاشسا، شەكسىزكى، ئۇ بىر - بىرىگە يات ئىككى تىلغا ئايلىنىپ كەتمىگەندىمۇ، روشەن پەرقلەرگە ئىگە ئىككى قېرىنداش تىلغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇقەررەر.

2 - چاغاتاي تىلىنى «جانلىق تىلدىن ئايرىلىپ قالغان يېزىق تىلى» دېيىش تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ يىگانە تەمگەكلىرى بىلەن چاغاتاي تىلىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك شائىر ئەلشىر ناۋايى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن:

«بەندەنى خاكسار ئەگەرچە تۈركى ئاغىزدىن ئۆكسۈك ئىردىم، ئەمما ئول قۇياش تەربىيەتى بىلە رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئاچتىم، ۋە بۇ ئەفكەندەنى بىئېتىبار ئەگەرچە زەررەدىن كەمرەك ئىردىم، ئول سەھاب تەقۋىيەتى بىلە گۇناگۇن دۇرلار ساچتىم، ۋە دىلسوز ئەبياتىم مۇناجات ئەھلىغە ئاشۇب ۋە غەۋغا سالدى ۋە بەزم ئەفروز غەزەلىياتىم خەراباتىلارغە ئاھ ۋە ۋاۋەيلا سالدى.»④

يېشىمى:

«مەن ئەسلى تۇپراقتىن بەتتەر بىر ناتىۋان بەندە ئىدىم، لېكىن ئۇ قۇياشنىڭ تەربىيىتى بىلەن رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئاچتىم؛ مەن ئەسلى توزاندىنمۇ بەتتەر ئەرزىمەس بىر نەرسە ئىدىم، لېكىن ئۇ بۇلۇتنىڭ قۇۋۋەت بېرىشى بىلەن رەڭدار دۇرلار چاچتىم. مېنىڭ تەسىرچان شېئىرلىرىم مۇناجات ئەھلى ئىچىدە توپىلاڭ ۋە غەۋغا قوزغىدى؛ بەزمە قىزىتقۇچى غەزەللىرىم مەيخانا ئەھلىنى ئاھ، داد دېگۈزدى.»

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردىكى «مۇناجات ئەھلى» بىلەن «مەيخانا ئەھلى» موللا - ئىشانلارنى، شائىر - پەيلاسوپلارنى ئەمەس، بەلكى تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاددىي

خەلق، «پىقىر - مىسكىنلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئۇ شېئىرلار ۋە غەزەللەر «مۇللام تىلى» بىلەن ئەمەس بەلكى ئاشۇ ئاددىي خەلق تىلى بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشۇنداق دەرىجىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغان. ئۇنىڭ سىرتىدا بىزدە پاكىت ئاز ئەمەس، ئالايلۇق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بىرى بولغان غايەت چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا - ناخشا سىستېمىسى «ئون ئىككى مۇقام» ۋە ئۇنىڭ نەزمىلىرى. «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام، ھەرگىزمۇ تاسادىپىي جەم بولۇپ قالغان مۇنەججىم، پەيلاسوپ، شائىر ۋە مۇزىكانتنىڭ ‹12 ۋاقىت، 24 سائەت› كە قاراپ بىرلا ۋاقىتتا ياراتقان، ياراتقاندىمۇ توشۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس 12 قىلىپ ياراتقان تاسادىپىي ئۆتۈكى ئەمەس بەلكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك بەدىئىي ئىجادىيەت جەۋھىرى»⑤. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نەغمە ۋە نەزمىلىرىنى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلىغان پىشقەدەم مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىمۇ بىر قانچە ئەۋلادتىن بۇيان مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، پېقىرلىق بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ئاددىي خەلق ئوغلى ئىدى. دېمەك، مۇقام خەلقنىڭ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ۋە ئۇنىڭ نەغمىلىرىنى ياڭراتقۇچىمۇ خەلق ئىكەن، ئەجەبا، ئۇنىڭ نەزمىلىرى «مۇللام تىلى» نىڭ ئىزمىسى بولامدىكەن؟ تۇردى ئاخۇن ئاكا بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن «ئون ئىككى مۇقام» دا جەمئىي 255 نەغمە بولۇپ، ئۇنىڭدا 2702 مىسرا نەزمە تېكىست قىلىنغان. بۇ تېكىستلەر چاغاتاي تىلى دەۋرىگە مەنسۇپ مەشھۇر شائىرلاردىن لۇتفى، ناۋايى، نەۋبەتى، زەلىلى، فۇزۇلى، ھۇۋەيدا، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرى ۋە «غېرىپ - سەنەم»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ تېكىستلەر نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان مۇقام كۈيلىرى بىلەن بىللە ياڭراپ كەلمەكتە. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، خەلقىمىزدىن ھېچقانداق بىر كىشى ۋە ھېچقانداق بىر ۋاقىتتا، بۇ تېكىستلەردىن غەلىتىلىك، چۈشىنىكسىزلىك ھېس قىلغان ئەمەس! بۇ ھال «ئەلشىر ناۋايى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىغان»⑥ چاغاتاي تىلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تىل ئىكەنلىكىدىن دەلالەت بېرىدۇ.

3 - ئەگەر چاغاتاي تىلى پۈتكۈل ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا خاسلا يېزىق تىلى بولۇپ، موللا - زىيالىيلار ئارىسىدىلا ئىشلىتىلگەن دېيىلسە، ئۇ ھالدا، كەڭ خەلق ئاممىسى ئالتە يۈز يىل مابەينىدە خاسلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئالاقە قورالى قىلغان بولىدۇ - دە، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جانلىق تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بولسا، چاغاتاي تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى پەرق، يەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن جانلىق تىلنىڭ پەرقى ئەينىڭ ھالدا ناھايىتىمۇ زور بولغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ھا-

زىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى چاغاتاي تىلى بىلەن يېقىنمۇ ياكى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېقىنمۇ؟ ئەلۋەتتە چاغاتاي تىلى بىلەن يېقىن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش قىسمىدا مۇنداق بىر چۈشەنچە بار: «،تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن بىر زاماندا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى تېما قىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق داھىيانە ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. XI ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىي، روھىي قىياپىتى، دۇنيا قاراشلىرى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى، ،قۇتادغۇ بىلىك، بىرگە بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسا، ،تۈركىي تىللار دىۋانى، جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. ،قۇتادغۇ بىلىك، XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى؛ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› بولسا، ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلنىڭ مۇجەسسەمى»⑦ مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، مەھمۇت قەشقەرى تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ، قەبىلىمۇ - قەبىلە يۈرۈپ توپلىغان تۈرلۈك تېمىدىكى خەلق قوشاقلىرىنى «جانلىق تىل ماتېرىياللىرى» دېگەن كاتېگورىيىگە كىرگۈزىمىز ۋە بۇ جانلىق تىل بىلەن بەزىلەر «يېزىق تىلى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارنى پاراللېل قويۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز، يەنى بۇگۈنكى جانلىق تىل ئىگىلىرى ئۇچۇن چاغاتاي تىلى چۈشىنىشلىكمۇ ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى چۈشىنىشلىكمۇ كۆرۈپ بېقىشىمىز مۇمكىن.

ئالايلۇق:

| سەيپۇرنىڭ «تەرجىمە بەندى»دىن | «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قوشاقلاردىن |
|---|---|
| ئەمدى قىلاي بۇ دەھرى فەنادىن ھېكايەتنى، | bardï kəzüm yarukï |
| ھەممە ئالەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتنى،... | aldï ezüm konukï |
| ئالىمكى، بولسا ئالەمدا بى مەسەل، بى بەدەل، | kānda əriŋq kanïkï |
| ئەفلاتۇن ئولسا ئالدىدا بىر تىفل قىلمەسەل | əmdi udin ozqurur |
| | (1 - توم، 65 - بەت) |
| بىر فىكر ئىلە مۇتالەئە قىلسا ھەممە كىتاب، | aydim aŋar sərük |
| بىر نۇقتە بىرلە قىلسا جەھان مۇشكىلىنى ھەل. | bizni taba nə əlük |
| ئەمۋالى بولسا ھەددى ئەدەددىن فۇزۇن داغى، | kəqtiŋ yazi kərik |
| ئىززازى بولسا ھەممەدىن يوقارى ھەممە مەھەل. | kirlar əziz bəzük |
| | (1 - توم، 126 - بەت) |
| سۈرۈندا بولسا ئۆرنى ھەممەدىن يۇقارىراق، | ivrik baxi kazlayu |
| ھەم قازى بولسا ئىككىدە ئېچىچە ئەمەل. | saqrak tolu kezləyu |

sakïnq kuzï kizləyu
tün kün bilə səvnəlim
(1 - توم، 135 - بەت)

بولسا قولىدا مەدرىسەسى تۆت بەلكى بەش،
ماھىيانەنى ئۆشۈل ئالسا بى جەدەل.

بولماس رىزا بۇ ھالىمە، يارغانلارى ئانىڭ
ھېرىس بولۇر تولا ۋە ئۆزۈنراق قىلۇر ئەۋۋەل.
ئاخىر ئەجەل ياقادىن ئالۇر بەرمەيىن ئەمان،
ئول كۈن پۈتەر كەمى تۈگەر ئەرمانى ئولزەمان.

(«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 556 - بەتتىن 564 - بەتكىچە)

kanqa bardiŋ əy oqul
ərdiŋ munda inq amul
attin əmdi sən tüŋül
kildiŋ ərsi kilmaqu
(1 - توم، 102 - بەت)

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى پارچە مىسالنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى خەلق قوشاقلىرىغا قارىغاندا، چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان شېئىرنىڭ ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن (مەيلى ئۇ زىيالىي ياكى دېھقان بولسۇن!) ئومۇمەن چۈشىنىشلىك، جانلىق تىلغا يېقىن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز، ئەلۋەتتە، بۇ ھال بىزگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ھەرگىزمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى ياكى ئۇنىڭ نوقۇل ھالدىكى كۆچۈرمىسى ئەمەسلىكىنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي تىلىسىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىز چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دېگىنىمىزدە، چاغاتاي تىلىنىڭ گىرامماتىكا، فونېتىكا جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى لېكسىكا جەھەتتىنمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى، شۇڭلاشقا چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە، ئاتا، ئانا، ئاكا ئىنى، تاغا (تاغاي)، ئەر (ئېر)، خوتۇن (قاتۇن)، ئوغۇل، قىز، تاغ، سۇ (سۇۋ)، ئاش، ئۆي (ئەۋ)، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، تۈن، يىل، قىش، ياز (ياي)، ئىسسىق (ئىسىغ)، سوغاق، (ساۋۇق) تاڭ، ئەمگەك، تەڭرى، ئېتىز (ئاتىز)، ئات، ئەت ئىت، ئېغىل (ئاغىل)، قۇش، ئۆلۈم... قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەئەللۇق ئاساسىي سۆزلۈكلەر بىلەن بىللە «بودۇن، ئاجۇن، بالىق، قاغان، قونچۇي، تەش، تەلكىن، تەڭگىن، ئاسىغ ئۇجماق، قامۇغ تاپۇغ، ئەسرۇ، يازى، يازۇق، تامۇغ، تېكىن، ئوران، تولۇس، بىتىك، ئوتقاش، قۇت، ئۆكۈك» قاتارلىق سۆزلەملەرنىمۇ دائىم ئۇچرىتىدىغانلىقىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىمىز. ئەمدى، ئەشۇ قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان قەدىمىي ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىلا ئەمەس بەلكى جانلىق تىلىدىمۇ ئومۇمەن «خەلق، دۇنيا شەھەر، پادىشاھ، مەلىكە، دوست، مېھمان، مال - دۇنيا، پايدا، جەننەت، ھەممە، خىزمەت، ئاھىيىنى، چۆل، گۇناھ، دوزاق، شاھزادە، بەلگە، خەلق (مىللەت)، خەت، مەش-

ئەل، بەخت، كەم» دەپ ئىستېمال قىلىنغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ ھال بىزگە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن ئىسكانىقەدەر چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا يېتىلىشىپ راۋاجلانغانلىقىدىن، نەتىجىدە، تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى ئاتالغۇلارنى ئۆز سېپىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنە ئاز بولمىغان چاغاتايچە ئىبارىلەرنى سەپلەپ بەلكى ئۆزىنى بېيىتىپ، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بىلەن ماسلىشالايدىغان ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4 - ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۇرغۇنلىغان چاغاتايچە سۆز - ئىبارىلەر باركى، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى بايقايمىز. ئالايلۇق، سەلالىمازا. بۇ سۆز چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا، «سەلىم» بىلەن «ئەئزا» نىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان ئىزافەت (تەكسىز بىرىكمە) بولۇپ، كىتابىي تىل تەلەپپۇزىدا «سەلىمۇل ئەئزا» ئېيتىلىپ، «ئەزالىرى ساق - سالامەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەزكۇر «سەلىمۇل ئەئزا» نىڭ جانلىق تىلدا ئۆزگەرگەن شەكلى «سەلالىمازا» ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

سەتىراچ. بۇ سۆز چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا، «باش» مەنىسىدىكى «سەر» بىلەن «قىرىش، چۈشۈرۈش» مەنىسىدىكى «تەراش» سۆزىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە سۆز بولۇپ، «سەرتەراش» تەلەپپۇز قىلىناتتى، مەزكۇر سۆزنىڭ جانلىق تىلنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىسىدا بۈگۈنكى «سەتىراچ» بولۇپ قالغان.

پايتىما. بۇ سۆز چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا، «ئاياق، پۇت» مەنىسىدىكى «پاي» بىلەن «يۆگەك» مەنىسىدىكى «تۇمار» سۆزىدىن ياسالغان بىرىكمە سۆز بولۇپ، «پايتۇمار» تەلەپپۇز قىلىنغان. جانلىق تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىلىق بۈگۈنكى «پايتىما» ئاتالغۇسىغا مۇقىملاشقان.

ئايەم. بۇ سۆز چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىكى «كېيىن» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «يەۋم» ئاتالغۇسىنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەييام» نىڭ جانلىق تىلدا ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆز چاغاتاي تىل - ئەدەبىياتىدا كۆپىنچە «ئىيد ئەييامى» (ھېيت كۈنلىرى) شەكلىدە ئىشلىتىلگەن. مەزكۇر سۆز ھامان «ئىيد» (ھېيت) ئاتالغۇسى بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈنلا، جانلىق تىلدا بارا - بارا «كۈنلەر» مەنىسىنى يوقىتىپ، «ھېيت» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالغان. نەتىجىدە، خەلق تىلىدا «ئايەم كۈنلىرى»، «ھېيت - ئايەم» دېگەن سۆزلەر بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىمىز «ئايەم» سۆزىنى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىكى «ئەييام» دىن بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان بولماستىن، بەلكى ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ قاتمۇ - قات

تاسقىشىدىن ئۆتكەن «ئايەم»دىن قوبۇل قىلغان. شۇڭلاشقا ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىز- دىمۇ «ئايەملىمەك» دېگەن سۆز «ھېيتلىماق» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ئالاھازەل. بۇ سۆز چاغاتاي تىلىدىكى «مۇشۇقىياس بويىچە بولغاندا، مۆلچەر- چە بولغاندا، مۆلچەرچە، تەخمىنەن» مەنىسىدىكى «ئالاھازەل قىياس» سۆزىدىن قىس- قىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان بولۇپ، مەزكۇر «ئالاھازەل» ئاتالغۇسى ھېلىھەم «تەخمىنەن» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ كەتكىنىگە ئالاھازەل بىر سائەت بولدى، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا ئەسلىدىن چاغاتايچىدىن كەلگەن مۇنداق سۆزلەرمۇ بار:

| چاغاتايچىدا | ھازىرقى تىلدا |
|---|---|
| پايگاھ | پەگا («ي» چۈشۈپ قالغاچ «ە» ئۇزۇن سوزۇلىدۇ) |
| دەھلىز | دەلىز («ھ» ... ... ) |
| فەھم | پەم (... ... ... ) |
| ۋەجھ | ۋەج («ھ» چۈشۈپ قالغاچ، «ـە» ئۇزۇن سوزۇلىدۇ) |
| تەئم | تەم («ئ» ... ... ... ) |
| تەئنە | تەنە (... ... ...ئالدىنقى «ـە» ...) |
| مۆئتەبەر | مۆتىۋەر (... ... ... «ـئۆ» ...) |
| مەئسۇم | مەسۇم (... ... ... «ـە» ...) |
| شەئىن | شەن (... ... ... ...) |
| لەئنەت | لەنەت (... ... ... ئالدىنقى «ـە» ...) |
| مۆئتەدىل | مۆتىدىل (... ... ... «ـئۆ» ...) |
| مۆئمىن | مۆمىن (... ... ... ) |
| تەئتىل | تەتىل (... ... ... «ـە» ...) |
| نىئمەت | نېمەت (... ... ... «ـئى» ..) |

مۇنداق مىساللارنى يەنە نۇرغۇن كۆرسىتىش مۇمكىن، بۇ يەردە شۇنچىلىك كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلىنەندۇق. دېمەكچىمىزكى، يۇقىرىقىدەك خاراكتېردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى چاغاتاي تىلى دەۋرىدىلا ئۇيغۇر جانلىق تىلى خەزىنىسىگە قوشۇلغان ۋە جانلىق تىلنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال قىلىش، فونېتىكىلىق شاللاش جەريانلىرىنى باشتىن كۆچۈر- گەن، ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىكى ئەدەبىي تىلدىمۇ، جانلىق تىلدىمۇ ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىش ۋەزىيىتى بولمىغان بولاتتى.

٤ - چاغاتاي تىلىنىڭ ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەت-

كەن تىل ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئەڭ مۇھىم پاكىتلارنىڭ بىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا، ئەدەبىي تىلىمىزدا يوق بىر بۆلەك چاغاتايچە ئېلېمېنتلارنىڭ ئىزچىل ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا چاغاتاي تىلىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان فونېتىكىلىق لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئېلېمېنتلار باركى، بۇلار ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ گەۋدىلىنىپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

### ئا. فونېتىكا جەھەتتە

چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا نىسبەتەن مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىن كېيىنمۇ «ئې، ئى» لەرگە ئاجىزلاشمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ خىل خۇسۇسىيەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: ئاۋىم يوق. قارنم ئاچتى. ياردم سائەت ساقلىدىم، دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل ھادىسە خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ناخشىلىرىدا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق:

| | |
|---|---|
| شەمۇ ـ شەگە داڭ كەتكەن، | كېچە ـ كۈندۈز قىلارمەن، |
| قەشقەرنىڭ ئاناري بار، | يارىمنى تىلەكىنى، |
| ئەنجۈرى ئەجەب شېرىن، | ئۈچ كۈن ياقالاپ ماڭسام، |
| خۇش ئىللىق باھاري بار، | ئۆگەننى. ئىلەكىنى. ⑧ |
| (قەشقەر ناخشىسى) | (لوپنۇر قوشىقى) |

### بې. لېكسىكا جەھەتتە

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ئاز بولمىغان چاغاتايچە سۆزلەملەر باركى، بۇلار بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە «يەرلىك پۇراق بېرىش» يۈزىسىدىن ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئەدەبىي تىل لۇغەتلىرىمىزدە كۆرۈلمەيدۇ. ئالايلۇق:

| ھازىرقى جانلىق تىلىدا | چاغاتاي تەلەپپۇزى | مەنىسى |
|---|---|---|
| پەجۆخ | پەنج ۋەقت | بەش ۋاقىت |
| لەپپالەپ | لەبالەب | لىممۇ ـ لىق |

| | | |
|---|---|---|
| مۆت | مۆفت | بىكارلىق، ھەقسىز |
| دۈمبە | دۈنبە | قۇيرۇق |
| زاباندا راز | زەباندىراز | سۆزمەن، ناتىق |
| ۋەج | ۋەرج | قىسمەت، باھا، بايلىق |
| ئىشناق | ئەيىناك | مەجرۇھ |
| ھولوپا | ئولوقە | بىگۇلۇك، ھەلەپ |
| رەخنە | رەخنە | تۆشۈك، يېرىتىق |
| چوبگەز | چوبگەز | باغاچ گەز |

(تامچىلىق ئەسۋابى)

ئۇندىن باشقا، ھازىرقى جانلىق تىلىمىزدا، ئۆزۈن يىللىق ئۆزلىشىش جەريانىدا بىر قانچە خىل تەلەپپۇز قىلىنىدىغان چاغاتايچە سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق؛ چاغاتايچىدىكى «ئايلىنىش، ئوبوروت، نۆۋەت، قېتىم، دەۋر» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «دەۋر» سۆزى ھازىرقى جانلىق تىل ئەمەلىيىتىدە، «دور، دو، دۆر، دۆ» بولۇپ جەمئى تۆت خىل تەلەپپۇزدا ئىستېمال قىلىنماقتا. مەسىلەن:

(1)... گەپنىڭ لىللاسىنى دېسەڭ، مۇشۇ دورەم بۇ كىتاب سودىسىدا راۋرۇس زە يان تارتىۋەتتىلا.

(«شىنجاڭ باشلىرى» 87-يىل، 11-سان، 38-بەت)

بۇ يەردىكى «دورەم» نىڭ تۈپ سۆزى قېتىم مەنىسىدىكى «دەۋر» دىن ئۆز- گەرگەن «دور» بولۇپ، «-ئەم» بۇ يەردە، خۇددى «نەۋۋەل» سۆزى جانلىق تىلدا «نەۋۋەلەم ياكى تەۋلەم» دېيىلگەندەك، سىپايىلاشتۇرۇش رولىدىكى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ.

(2) تىلىمىزدا «دوغا چىقماق؛ دوغا تىكمەك» دەيدىغان سۆز بار. بۇ يەردىكى «دو» مۇ ئوخشاشلا «نۆۋەتتە قېتىم» مەنىسىدىكى «دەۋر» دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «دوغا چىقماق ياكى دوغا تىكمەك» دېگەنلىك. شۇ «نۆۋەت» كە چىقماق، شۇ «قېتىم» غا تىكمەك دېگەن بولىدۇ.

(3) بەزى جايلاردا، خۇسۇسەن قەشقەر رايونىدا، بۇرۇنقى چاغلاردا ھوقۇق- ئەمەل تۇتقان ياكى مەلۇم ھۈنەر-كەسىپتە بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن ئادەملەر ھەققىدە «ئۇ بۇرۇن خېلى دۆر سۈرگەن ئادەم» دېيىلىدۇ.

(4) مال ئوبوروت ياخشى، بازىرى ئىتتىك، تاپاۋىتى يۇقىرى باققاللار «دۆكا باققال» دەپ تەرىپلىنىدۇ، بۇ «دەۋركار» سۆزىنىڭ جانلىق تىلدىكى ئۆزلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، چاغاتاي تىلىدىكى «ئەسل، ھال، ئەجەب، دائىم، مەرھەب» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قوش زەبەرلىك ھالەت شەكلى «ئەسلان، ھالان، ئەجەبان، دائىمان، مەرھابان» لارنىڭ ئاخىرىدىكى «ن» تاۋۇشى چۈشۈرۈپ قويۇلغان ھالدا، «ئەسلا، ھالا، ئەجەبا، دائىما، مەرھابا» قىلىپ ئىشلىتىلگەندىن باشقىرى، شۇ خىلدىكى «ئاساس، خۇسۇس، ئەين، شەخس، قىسىم، تەخمىن، جەۋاب، قەست، جەزم، ھەقىقەت، ئومۇم، تەسادىپ» سۆزلىرىنىڭ «ئاساسەن، خۇسۇسەن، ئەينەن، شەخسەن، قىسمەن، تەخمىنەن، جاۋابەن، قەستەن، جەزمەن، ھەقىقەتەن، ئومۇمەن، تاسادىپەن» شەكىللىرى ئەينەن قوللىنىلىدۇ. بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ خىلدىكى گرامماتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سۆزلەرنىڭ سان-سالماق جەھەتتە ئەدەبىي تىلدىكىدىن كۆپرەك ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئالايلۇق، «ئاخىر» سۆزىنىڭ ھالەت شەكلى «ئاخىران» جانلىق تىلدا «ئەخىرەن» («ئىس» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئەخىرەن مۇرادىغا يېتىپتۇ. مۇنداق قىلىۋەرسەڭ ئەخىرەن تومشۇقۇڭغا يەيسەن، دېگەنلەرگە ئوخشاش. «ئاخىران» غا تەقلىد قىلىپ ياسالغان «دەسلەبان» سۆزىمۇ جانلىق تىلدا «دەسلىۋان» قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

خۇدايا تۇۋا، مەن دەسلىۋانىسىدا ئۈچ سەر كۈمۈشكە ئالغانىدۇ دەپ ئىشەنگەم كەلمىگەن، — دېدى مىرزاپ شاگىيۇ.

(«شىنجاڭ ياشلىرى» 87-يىل 11-سان، 35-بەت)

ئۇندىن باشقا، جانلىق تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «ئالاھىدە» مەنىسىدىكى «ئالايىتەن» سۆزىنىمۇ «ئالاھىدەتەن» ياكى «ئالاھىدەن» دىن ئۆزگەرگەن دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

(2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «كى» باغلىغۇچىسىمۇ چاغاتاي تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ «كىم» دېيىلىدىغان يەنە بىر ۋارىيانتى بولغان. مەزكۇر «كىم» باغلىغۇچىسى ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىدا ئاساسەن ئىشلىتىلمەيدۇ. بىراق جانلىق تىلدا، جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە قوشۇلۇپ ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈش، كۈچەيتىش ياكى مەلۇم سۈرئەتنى ئىپادىلەش رولى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ كېلىپلاكىم كەتتى. مەن بېرىپلاكىم قايتىپ كېلىمەن. قاراپلاكىم يىغلاپ كەتتى، تونۇپلاكىم ۋاقىرىدۇەتتى، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(3) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا، ئەدەبىي تىل ۋە لۇغەتلەردە كۆرۈلمەيدىغان بىر بۆلەك چاغاتايچە ئىزافەتلەر كەڭرى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| هازىرقى جانلىق تىلدا | چاغاتايچىدا | مەنىسى |
|---|---|---|
| رويىزىمىن | رويى زەمىن | يەر يۈزى، جاھان، دۇنيا |
| زامانى ئەۋۋەل | زەمانى ئەۋۋەل | بۇرۇنقى زامان |
| زامانى ئاخىر | زەمانى ئاخىر | ئاخىرقى زامان |
| نەپسى شەيتان | نەفسى شەيتان | شەيتاننىڭ نەپسى |
| پەيلى شەيتان | فېئلى شەيتان | شەيتاننىڭ پەيلى |
| ئىسمى شېرىپ | ئىسمى شەرىف | شەرەپلىك ئىسىم |
| ۋاختى مۆرىت | ۋەقتى مەۋرىد | قولايلىق ۋاقىت |
| لەۋزى ھالال | لەفزى ھەلال | راست سۆز |
| ئەھلى مۆمىن | ئەھلى مۆئمىن | مۆمىن ئادەم |
| تەركى دۇنيا | تەركى دۇنيا | دۇنيادىن كېچىش |

بۇلاردىن باشقا، «كالامۇللا (كەلامۇللاھ)، ئەستاغپۇرۇللا (ئەستەغفۇرۇللاھ)، ئەلەيكۇمۇللا (ئەلەۋكۇمۇ لىللاھ)، ماشا ئاللا، ئىنشائاللا، نۇزەمىيللا، ئىللا بىللا» قاتارلىق بىرىكمە سۆزلەر، شۇنىڭدەك، «دەسلەپ تاماقلىنايلى، ئاندىن گەپلىشەيلى» مەنىسىدىكى «ئەۋۋەل تەئام، بەئدەز كەلام» جۈملىسى بەزى جايلاردا، «ئاۋۋال تائام، بادەز كالام» شەكلىدە، يەنە بەزى جايلاردا بولسا، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. بەزى جايلاردا، خۇسۇسەن قەشقەردە، كاۋاپ بازىرىدىن ئۆتسەك، كاۋاپچىلارنىڭ گاھ «بەررى كاۋاپ»، گاھ «كاۋاپ بەررى» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلايمىز. بۇ چاغاتايچىدىكى «كەبابى بەررى» نىڭ ئۆزلەشكەن شەكلى بولۇپ، «پاقلان كاۋىپى (پاقلان گۆشىدە ئەتكەن كاۋاپ)» دېگەن بولىدۇ. ھېيت نامىزىغا كىرگەندە، مەزىن (مۇئەززىن): «ئەسسەلاتۇ سەفقەن سەففەن!» دەپ جاكا قىلسا، ھەتتا دېھقانلارمۇ چۈشىنىپ «دۇررىدە» ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇكى، بۇ «ئەمدى ناماز ئوقۇيمىز، سەپلىرىڭلارنى راۋۇرۇس قىلىپ تۇرۇڭلار» دېگەن بولىدۇ. كىشىلەر ئەسنىگەندە: «ئەستەغفۇرۇللاھ ئەلئەزىم» دەيدۇ، بۇ «ئۇلۇغ خۇدا مېنى كەچۈرگىن» دېگەن بولىدۇ؛ چۈشكۈرگەندە بولسا، «ئەلھەمدۇ لىللاھ شۇكرەن ئەلەكۇللىھالىن» دەيدۇ، بۇ «ھەرقانداق ئەھۋالدا، رەھمەت يۈزىسىدىن ئاللاغا مەدھىيىلەيمەن» دېگەن بولىدۇ.

(4) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا، چاغاتاي تىلىدىن كەلگەن، ئەسلى چاغاتاي يېزىقىدا «ۋە» مەنىسىدىكى «ۋاۋ» ھەرپى بىلەن باغلىنىدىغان تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى بەزەنلىرى قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلغان ۋە بەزىلىرى ئەينەن ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| هازىرقى جانلىق تىلدا | چاغاتايچىدا | مەنىسى |
|---|---|---|
| قەددى قامەت | قەددۇ قامەت | بوي - تۇرۇق |

| | | |
|---|---|---|
| پەندى نەسەت | پەندۇ نەسىھەت | ساۋاق ـ نەسىھەت |
| ھەددى ھېساب | ھەددۇ ھېساب | چەك ـ ھېساب |
| ئىنسى جىن | ئىنسۇ جىن | ئىنسان ـ جىن |
| باغۇ بوستان | باغۇ بوستان | باغ ـ بوستان |
| تاغۇ دەريا | تاغۇ دەريا | تاغ ـ دەريا |
| كېچەيۇ كۈندۈز | كېچەيۇ كۈندۈز | كېچە ـ كۈندۈز |
| ۋاختى سائەت | ۋەقتۇسائەت | ۋاقىت ـ سائەت |

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(د) چاغاتاي تىلىدا «ـ نى» قوشۇمچىسى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بولغاندىن سىرت، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «ـ نىڭ» ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. بۇ خىل «ـ نى» قوشۇمچىسى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «ـ نىڭ» رولىدا كېلىدىغان ئەھۋال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

شىلپە نانى ياقماڭلار،
كۆيۈپ كېتەدۇر چاۋات. (ئاچما نان، كاكچا نان).
مېنى ئىچىمنى كۆيدۈرگەن،
مەللەڭدىكى ئاق ناۋات.
نەگە يۈرسەڭ سېنى بىلەن بارۇرمەن،
كۆز ياشىمنى كېمە سالىپ ئۆتتۇرمەن.
خۇدايىمالا جۇپتۇڭنى ئايرىماسۇن،
غارىپ بولسام شۇ يىمەندە ياتۇرمەن.
(لوپنۇر قوشاقلىرىدىن)

ئۇنىدىن باشقا، چاغاتاي يېزىقىدىنمۇ مەزكۇر تىلنىڭ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنى تېپىش مۇمكىن. ئالايلۇق، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئې، ئى» دېگەن ئىبارەت سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ ھەممىسى سۆز بېشىدا بىرلا ئەلىف (ا) ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن تۇرغۇن پاكىت تاپقىلى بولىدۇ ئەنە ئاشۇنداق ئىپادىلەش بىلەنمۇ ئەينى زاماندىكى زىيالىلار، موللىلار ھېچقانداق بىئەپلىك، قىيىنچىلىق ھېس قىلمىغان، چاغاتاي تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، پەقەت كەڭ ئاممىنىڭ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ يېزىقنى ئىگىلەپ ساۋات چىقىرىشنى ئوڭايلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغىنى ئۈچۈنلا سۆز بېشىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇشلارغا تومۇمەن ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، «ئا» ھەرپى ئاساسەن يالغۇز ئەلىف ھەرپىنىڭ ئۈستىگە مەد (~) بەلگىسىنى قويۇش (آ) بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ «ئە» ھەرپى تومۇمەن يالغۇز

ئەلىف ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» دىن ئىبارەت تۆت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش يالغۇز ئەلىف ھەرپىگە ياكى «ۋاۋ» ھەرپىنى جۈپلەش (او) بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ «ئې، ئى» ھەرپلىرى بولسا، يالغۇز ئەلىف ھەرپى بىلەن «يا» ھەرپى-نىڭ باش شەكلىنى جۈپلەشتۈرۈپ يېزىش (اي) بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەگەر خاسلا زىماللار، مۇللىلار كۆزدە تۇتۇلغاندا، چاغاتاي يېزىقىدا بۇ خىل يېزىق ئىسلاھاتى بولمىغان بولاتتى دەپ قارايمىز.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. چاغاتاي تىلى دەۋرىدە، ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى ئىمكان قەدەر ئەدەبىي تىلغا يېقىنلىشىپ راۋاجلانغان، ئەدەبىي تىلمۇ ئىمكان بار جانلىق تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. دەل ئەينى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇئەييەن تۈۋرۈكى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەزكۇر تىل روناق تاپالىغان، گۈللىنەلىگەن. چۈنكى، جانلىق تىل ئەدەبىي تىلنىڭ قېنى ھەم جېنى؛ جانلىق تىلدىن ئايرىلغان ئەدەبىي تىل قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئوخشايدۇ، ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىقىدەك مۇلاھىزە ۋە ئاساسلار بىلەن چاغاتاي تىلىنى جانلىق تىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەپ قارايمىز.

**ئىزاھات:**

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 45-بەت.
② خەمت تۆمۈر، ئابدۇرەۋپ پولات: «چاغاتاي تىلى»، 1-بەت.
③ ... ... ... ... ... ...
④ ئەلىشىر ناۋايى: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن»، تۈركىيە ئەنقەرە كىتابخانىسى باسقان نۇسخا، 99-بەت.
⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام»، مۇقەددىمە، 6-بەت.
⑥ ... : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»گە كىرىش سۆز، 3-بەت.
⑦ «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»»، «دىۋان» (ئۇيغۇرچە) 1-توم، كىرىش قىسىم، 21-بەت.
⑧ غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېئىرلىرى سۆزلۈكى»، 210-بەت؛ ...

# غەربىي لياۋ دۆلىتى توغرىسىدا

قاسىم تارىش

مىلادى 916 - يىلى، هازىرقى ئىچكى موڭغۇل رايونىنىڭ شەرقىي چېگرىسىدىكى لياۋشۈي دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا (هازىرقى شىلامورۇن دەريا ۋادىسىدا) ياشايدىغان قىتان (خىتاي) قەبىلىسى قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇردى، تارىختا بۇ دۆلەت «لياۋ» دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقىي شىمالدا هازىرقى ياپون دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان ئامۇر (خېيلۇڭجياڭ) دەريا مەنسىۋىگە (ئېغىزىغا) قەدەر غەربىي شىمالدا هازىرقى موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇتاش قىسمىغا قەدەر باراتتى، جەنۇبتا تيەنجىن شەھىرى خەبېي دەريا ۋادىسى ۋە خېبېينىڭ باشيەن ناھىيىسى، سەنشىنىڭ يەنمېنىڭ ئۆتكىلىگە قەدەر سوزۇلۇپ، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن چېگرىلىناتتى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا لياۋ (قىتان) خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسىنى خاتا هالدا ئالتاي ھەتتا جىمسارغا قەدەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئىسلام ئاپتورلىرىدىن ئەبۇ ناسىر ئەل ئۇتبىنىڭ XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يازغان تارىخىي ئەسىرىدىن قارىغاندا، هىجرى 408 - يىلى (1017 — 1018) يات دىنىدىكى 100 مىڭ كۆچمەن چارۋىچى (ئالتاي يولى بىلەن) يەتتە سۇ رايونىغا بېسىپ كىرىپ، بالاساغۇنغا سەككىز كۈنلۈك يول قالغاندا، قاراخانىلار سۇلالىسىدىن توغانخان ئەھمەت بىننى ئېلى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋە لەشكەر تارتىپ ئۈچ ئايغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن.① بارتولد «موڭغۇللار ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ۋە «يەتتە سۇ رايونىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئوچېرىك» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، ئۇلارنى «كىدانلار» (قىتانلار) بولسا كېرەك دەپ هېسابلايدۇ؛ پىرتساك «قاراخانىلار سۇلالىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇلارنى «كىدانلار» دەپ قارايدۇ. لېكىن «لياۋ تارىخى» ئاپتورلىرى «لياۋ تارىخى. يېلۈدۇۋاگې تەزكىرىسى» دە، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە بۇ ۋەقەنى ئۆزلىرىنىڭ غەلىبىسى قىلىپ يېزىپ قويغان.② شۇڭا بەزى هازىرقى زامان ئاپتورلىرى لياۋ ئوردا تارىخچىلىرى بۇرمىلاپ يازغان مۇشۇنداق خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، لياۋ خانلىقىنىڭ ئەسىر كۈچى غەربتە ئالتايغا قەدەر بېرىپ، پۈتكۈل غەربىي ئەلنى لەرزىگە كەلتۈرگەن، دەپ يازىدۇ. ھەتتا «لياۋ تارىخى» دا قارا خانىلار دۆلىتى «قارام ئەللەر» قاتارىغا كىرگۈزۈپ

قويۇلغان. ③ بۇ قاراڭ ئەللەر ئىچىدە يەنە ياپون، ئەرەب ۋە پارسلارمۇ بار. بۇ «لياۋ تارىخى» ئاپتورلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تارىخشۇناسلىق كۆز قارىشى تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

1122 - يىلى، جۇڭگونىڭ شەرقىي - شىمالىدا باش كۆتەرگەن جۇرچىن (جۇرجىت - 女真) لار لياۋ خانلىقىنىڭ پايتەختى يەنجىڭنى بېسىۋالدى ۋە تارىختا جىن (金) خانلىقى دەپ نام ئالدى. ھالاك بولغان لياۋ خانلىقى خانى تيەنزو (天祚) پايتەختنى تاشلاپ قاچتى. ياللۇق تاشىن ئەسىرگە چۈشتى ۋە مەلىك تەسلىكتە جۇرچىنلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، لياۋ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە تيەن زونىڭ يېنىغا - جياشەنگە④ دېگەن يەرگە باردى، لېكىن بۇ يەردە ئۇنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جاسارىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىدەك شەرت - شارائىت يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر قىسىم قەۋملىرىنى باشلاپ موڭغۇل دالىسىغا قاراپ كەتتى. ئاۋال شىمالغا مېڭىپ، قاتۇن بالىقتا (ئۆز ۋاقتىدىكى ئورخۇن - ئۇيغۇر خانلىقى پايتەختى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەريا ۋادىسى شەرقىدىكى قارا بالغاسۇن شەھرىدە) لياۋ خانلىقىغا تەۋە يەتتە ھەربىي ئايماق، 18 قەبىلە ئاقساقاللىرى يىغىنىنى ئېچىپ، قوشۇننى رەتكە سالدى ۋە شۇ يەردە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. بۇ، 1124 - يىلى بولغان ئىش.⑤

جۇرجىنلارنىڭ ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمىدى. شۇڭا ياللۇق تاشىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئەرەب پارسلاردىن ياردەم ئېلىش نىيىتىگە كەلدى. شۇ جەرياندا ئۇ موڭغۇل دالىسىدا 1130 - يىلغا قەدەر جەمئىي ئالتە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇردى.

لېكىن بەزى ئاپتورلار ياللۇق تاشىن جىمسارغا كېلىپ يەتتە ھەربىي ئايماق 18 قەۋم يىغىنىنى ئاچتى، ئۇنىڭ چېگرىسى ئېمىل (ھازىرقى چۆچەك ۋىلايىتى دۆربىلجىن ناھىيىسى) گە قەدەر باراتتى ...... دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى جىمساردىن ئېمىلگە قەدەر بارغان ئەمەس. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىكى بۇ سۆزلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. «جىن تارىخى» 121 - جىلد، «جەڭگىزخان تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك 1124 - 1129 - يىللىرى تاشقى موڭغۇلدا ئىدى.⑥

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەينى ۋاقىتتا ياللۇق تاشىننىڭ 18 قەبىلىسى موڭغۇل دالىسىدا ئىدى⑦. لياڭ بىۋەن- دۇڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، «لياۋ تارىخى» دا ئېيتىلغان تاشىننىڭ 18 قەبىلىسى ياشىغان جاي «بېيتىڭنىڭ» (شىمالىي ئوردا) سۆزىگە «قارۇغ مەھكىمىسى» (都护府) دېگەن سۆز ئوخشۇقچە كىرىپ قېلىپ، شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئۆز ۋاقتىدىكى تاڭ سۇلالىسى

«بېشبالىق (جىمسار) قاراۋۇل مەھكىمىسى» نى بىلدۈرۈپ قالغان.⑧ «بېشبالىق» (北庭) ئۆز ۋاقتىدىكى ھون تەڭرىقۇتى ئوردىسى جايلاشقان يەر بولۇپ، ھازىرقى موڭغۇل دالىسىدىكى ئورخۇن دەريا ۋادىسى بويىغا توغرا كېلىدۇ. ئەنبۇجىيەنفۇ (安部健夫) «بېشبالىق قاراۋۇل مەھكىمىسى» دېگەن سۆز «ئەنبېي قاراۋۇل مەھكىمىسى (安北都护府) نىڭ خاتا يېزىلىشى دەپ قارايدۇ.⑨ ئۇنىڭ ئورنىمۇ ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئىدى. بۇ قاراشلار مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يالىقۇ تاشىنىڭ شىنجاڭدا بولماستىن، ئورخۇن ۋادىسىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي پاكىتتۇر.

بەزى ئاپتورلار يالىقۇ تاشىن موڭغۇل دالىسىدىن چىقىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى، ئاۋۋال يەنسەي ۋادىسىدىكى قىرغىزلار ئارىسىغا باردى، دەپ يازىدۇ.⑩ بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. يالىقۇ تاشىن 1131 - يىلى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاۋۋال ھازىرقى تۇرپان رايونىغا كەلگەن، بۇ ھەقتە «لياۋ تارىخى، پادىشاھ تيەنزو توغرىسىدا خاتىرىلەر» ۋە «جىن (جۇرجىن) تارىخى» ناملىق كىتابلاردا توغرۇلۇق خاتىرىلەر بار. «جىن تارىخى»، 121 - جىلد، جەنگبىخەنىڭ تەزكىرىسى» دە «[تيەنخۇي] 8 - يىلى [ئەمەلىيەتتە 9 - يىلى (1131 - يىلى بولۇشى كېرەك ئاپتوردىن]، يالىقۇ يۈدۈ ئەۋەتىلىپ ...... تاشىغا قوغلاپ زەربە بېرىلدى ......، يۈدۈ قوماندانلىق مەھكىمىسىگە مەلۇمات بېرىپ: ئاڭلىشىمچە يالىقۇ تاشىن قارا خوجىدا ئىكەن. ئېھتىمال، ئاتخۇتلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن بولۇشى كېرەك ... دېدى» دېيىلگەن؛ شۇ كىتاب 3 - جىلد «تەيزۇڭ (ئاتاخان) توغرىسىدا خاتىرىلەر) دە، تيەنخۇي 9 - يىلى «قارا خوجا ئۇيغۇرلىرى يالىقۇ تاشىنىڭ مۇرىتلىرىدىن سەنبا (撒八) دېلى (迭里) نۇشى قاتارلىقلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئەۋەتىپ بەردى» دېيىلگەن.

ئەگەر يالىقۇ تاشىن موڭغۇل دالىسىدىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاۋۋال يەنسەي بويىدىكى قىرغىزلار رايونىغا بارغان بولسا، ئۇنىڭغا تۇرپاندىن ئۆتۈش ھاجەت ئەمەس ئىدى. چۈنكى يەنسەي دەرياسى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا، تۇرپان بولسا، غەربىي جەنۇبىدا. يالىقۇ تاشىن موڭغۇل دالىسىدىن چىقىپ تۇرپاندىن ئۆتكەن ئىكەن ئۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش نىشانى جەزمەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر ئىكەنلىكى ئېنىق.

1131 - يىلى باھاردا، يالىقۇ تاشىن موڭغۇل دالىسىدىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قەشقەرگە بارغان ۋە شۇ يىلى كۈزدە مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن. بۇ قېتىم تۇرپانلىقلار ئۇنى قوبۇل قىلمىغان، بەلكى بىر قانچە سەركەردىسىنى تەسىر ئېلىپ جىن (جۇرجىن) خانلىقى ئوردىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەن.⑪ بۇ ئىسلام مەنبەلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بارتولد نەقىل قىلىپ كەلتۈرگەن سەلجۇق سۇلتانى سەنجارنىڭ 1133 - يىلى 7 - ئايدا ۋەزىرىگە ئەۋەت-

كەن خېتىدە: يېقىندا قەشقەر خانى قەشقەرنىڭ شەرقىدىن بىر نەچچە كۈنلۈك يول كېلىدىغان جايدا يات دىندىكىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىر سەركەردىسىنى ئەسىر ئالغان[12] دېيىلگەن. بارتولدنىڭ قارىشىچە، بۇ قەشقەر خانى ئارسلانخان ئەخمەتنىڭ قارا قىتانلارغا قارشى ئۇرۇشتا قازانغان غەلىبىسى ئىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ماتېرىياللىرى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلسە، 1131-يىلى، ياللۇق تاشىن ئاۋۋال تۇرپاندىن ئۆتۈپ قەشقەرگە يۈرۈش قىلغانلىقى؛ قەشقەرنىڭ شەرقىدە مەغلۇپ بولۇپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلگەنلىكى؛ تۇرپان قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، قالدۇق قىسمىنى باشلاپ شىمالغا مېڭىپ يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار ئارىسىغا كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

1132-يىلى ياللۇق تاشىن قىرغىزلاردىن ياردەم ئېلىش نىيىتىدە يەنسەي بويىغا بارغان.[13] لېكىن قىرغىزلار قوبۇل قىلماي چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن قايتىدىن غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئېمىل دەرياسى (دۆربىلجىن) ھاۋزىسىغا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.[14] 1133-يىلى، ياللۇق تاشىن مانا شۇ ئېمىل بويىدا ئىدى، ئۇ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇش نىيىتىدە چوڭ قەلئە سالدۇرغان، خەلقى 40 مىڭغا يەتكەن.[15]

غەربىي لياۋ خانى دېزۇڭنىڭ يەنچىڭ 3-يىلى (1133)، ياللۇق تاشىن ئېمىل بويىدا ئىدى. دەل مانا شۇ ۋاقىتتا شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتى بالاساغۇن ھۆكۈمرانى قاڭقىل ۋە قارلۇقلار ئىسيانىغا دۇچ كەلدى. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئېمىل بويىدىكى تاشىندىن ياردەم سورىدى ۋە ئۆزىنى بالاساغۇنغا تەكلىپ قىلدى.[16] شۇ يىلى ياللۇق تاشىن تەكلىپ بويىچە ئېمىل بويىدىن قوشۇن تارتىپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. سايرام كۆلى ۋە تەلكە تېغىدىن ئېشىپ ئىلى دەرياسى بويىغا باردى، ئاندىن چۇ دەريا ۋادىسىدىكى بالاساغۇنغا كىرىپ[17] ئىسيانىنى باستۇردى، لېكىن 1134-يىلى ياللۇق تاشىن بالاساغۇن ھۆكۈمرانى ئىلىك خانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە پۈتكۈل يەرلىرىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بالاساغۇندا پايتەخت تەسىس قىلىپ، بۇ شەھەرنى قۇز ئوردا دەپ ئاتىدى. 1136-يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قاراخانىنى مەغلۇپ قىلدى. قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئۇچ (ئاقسۇ) ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. قاراخانىلار دۆلىتى يىقىلدى. ياللۇق تاشىن ئۆزىنى «گۈرخان»[18] دەپ ئاتىدى.

بۇ يېڭى ئىستىلاچىنىڭ بۇ يەرلەرنى قاراخانىلارغا يانىدۇرۇپ بېرىش نىيىتى يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچ توپلاپ تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى ئىگىلەشكە تەييارلانغان ئىدى. بۇ ھال قاراخانىلار بىلەن قاراقىتانلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى، دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىمۇ بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. قاراخانىلار بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى

تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان دۆلەت بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنى بايراق قىلىپ، غازات ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئىسلام دىنى بۇ دۆلەت ئۈچۈن دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىش ئۆلچىمى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇددىست قاراقىتانلار بىلەن بولغان زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى.

تاشىن زېمىنىنى بارغانسېرى كېڭەيتىپ ئۆزىگە بېقىنغان ھەممە يەرگە باسقاقلارنى ئەۋەتتى[19] ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئۇ يەرلەرنى باشقۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقىي شىمالدا يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن جەنۇبقا بارىدىغان شەھەرگىچە، غەربتە تالاسىن، شەرقتە ئىلى ۋادىسى-ياپەنج[20] كە قەدەر سوزۇلغان ئىدى، كېيىن تاشىن ئاقكاللارنى بويسۇندۇردى، قەشقەر، خوتەننى ئىشغال قىلدى.[21] يالىلۇق تاشىن تەسىس قىلغان بۇ كەڭ زېمىندىكى دۆلەت جۇڭگو مەنبەلىرىدە «غەربىي لياۋ»، غەرب ئەللىرىدە بولسا، «قاراقىتان» (قاراختاي) دەپ ئاتالدى.

1137-يىلى، غەربىي لياۋ (قاراقىتان) دۆلىتى تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى بەشبالىق (جىمسار) غا كىردى[22] بۇ يەردىن پەرغانە ۋە ماۋارەئۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى، شۇ يىلى 5-ئايدا (1137-يىلى، 5-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6-ئاينىڭ باشلىرىغىچە) غەربىي لياۋ قوشۇنلىرى غەربىي قاراخانىلارنىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى خانى مەھمۇدنى خوجەند شەھىرىدە مەغلۇپ قىلىپ، پەرغانە ۋە ماۋارەئۇننەھر شەھەرلىرىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئىشغال قىلدى.[23]

قاراقىتانلارنىڭ تەڭرى تاغلىرى جەنۇبى ۋە ماۋارەئۇننەھردە پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ چاقماقتەك تېز ھەربىي غەلىبىلىرى ۋە كۆپپارلىقى دىنىي ساھەنى دەككە-دۈككىگە سېلىپ قويدى.

1141-يىلى، غەربىي قاراخانىلارنىڭ ماۋارەئۇننەھردىكى خانى مەھمۇد بىلەن خانلىقتىكى قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلدى، مەھمۇدخان تاغىسى سۇلتان سەنجار سەلجۇقىيدىن ياردەم سورىدى، 6-ئايدا سۇلتان سەنجار قوشۇن تارتىپ كەلدى. قارلۇق خانى بولسا، يالىلۇق تاشىندىن ياردەم سورىدى، 1141-يىلى 9-ئاينىڭ 9-كۈنى تاشىن قوشۇن باشلاپ ماۋارەئۇننەھرگە كىردى ۋە سۇلتان سەنجارنىڭ ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدىن توپلىغان 100 مىڭ قوشۇنى بىلەن شىمىسكەند (سەمەرقەنت) شىمالىدىكى كاتىۋان دالىسىدا قاتتىق ئۇرۇشتى. غەربىي لياۋ (قاراقىتان) قوشۇنلىرى ئوڭدىن ۋە سولدىن كەلدى، تاشىن ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ، سەنجار قوشۇنىنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدى، سۇلتان سەنجار مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئۇرۇغۇن ئىسلام ئاقساقاللىرى ئەسىرگە چۈشتى، ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار 30 مىڭدىن ئاشتى. مەھمۇد بىلەن سەنجار خوراسانغا قاچتى. شىمىسكەند قاراقىتانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى، تاشىن مەھمۇد خاننىڭ ئىنىسىنى ماۋارەئۇننەھرگە

خەن قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ماۋارەئۈننەھر رايونى غەربىي لياۋ دۆلىتىگە تەۋە بولدى.[24]

1142-يىلى، غەربىي لياۋ قوشۇنلىرى خارەزىمگە كىردى ۋە ييزا-كەنتلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. خارەزىم شاھ ئاتسىز ئەلچى ئەۋەتىپ تاشىنغا تۆلپان تۆلەيدى-غانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ھەر يىلى 3000 تىللا ئەۋەتىپ تۇردى.[25] شۇنىڭدىن باشلاپ خارەزىم خانلىقىمۇ غەربىي لياۋ دۆلىتىگە تەۋە بولدى.

مانا شۇ چاغدا يالۇق تاشىنىڭ بىرقانچە يىللىق ھەربىي يۈرۈشلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن غەربىي لياۋ (قاراقىتان) دۆلىتى چېگرىسى ئەرقتە تاڭغۇتلارنىڭ غەرىبىي چېگرىسى (يەنى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي چېگرىسى — ئالاھەزەل ھازىرقى شىنجاڭ-گەنسۇ چېگرىسى) دىن باشلىنىپ، غەربتە ئارال دېڭىزى جەنۇبىدىكى خارەزىم دۆلىتىگە قەدەر، شەرقىي شىمالدا يەنسەي دەرياسى جەنۇبىي تېقىنىدىكى قىرغىزلار رايونىغا غەربىي جەنۇبتا ئامۇ دەريا بويىغا قەدەر سوزۇلغان ئىدى.

1143-يىلى يالۇق تاشىن ئۆلدى، ئۇ جەمئىي 20 يىل سەلتەنەت سۈردى (1124-1143)، شۇ يىلى 57 ياش ئىدى (1087 — 1143).

بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يالۇق تاشىن تۇرپاندىن ئۆتۈش ۋاقتىدا كونا دوستلۇقنى ئەسلەپ ئاۋۋال تۇرپان (ئىدىقۇت) خانلىقىغا خەت يېزىپ تۇرپان زېمىنىدىن ئۆتۈش توغرىسىدا ئىجازەت سورىغان. تۇرپان خانلىقى بۇنىڭغا ماقۇل بولغان ۋە يالۇق تاشىننى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن مېھمان قىلىپ ۋە كۆپ سوۋغات بېرىپ يولغا سالغان. بەزى ئاپتورلار بۇ دوستلۇق مۇناسىۋەتنى بۇرمىلاپ، تۇرپان خانلىقى لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە لياۋ سۇلالىسىغا بېقىندى ئىدى، شۇ سەۋەبتىن يالۇق تاشىنىڭ ئۆتۈشىگە يول قويغان دېيىدۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرپان خانلىقىنىڭ يالۇق تاشىنغا بېقىندى بولۇپ قالغانلىقىنى[26] ئېيتىدۇ.

يالۇق تاشىن بىرلىكتە يېتىپ ئاچقان يەتتە ھەربىي ئايماق لياۋ تارىخىدا يوق. «گاڭمۇ» (纲目) قامۇسىدا «يەتتە ھەربىي ئايماق غەربىي شىمالى چېگرىدا» دېيىلگەن ھەمدە ۋېيۇۋۇ ئايمىقىنى ۋېيغۇر (畏兀儿) ئايمىقى دەپ ئىزاھلىغان. ۋېيۇۋۇ سۆزى ئۇيغۇر سۆزىگە ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئىزاھلاپ قويغان. ئەمما بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. «گاڭمۇ» قامۇسىدا يەتتە ھەربىي ئايماق غەربىي شىمالى چېگرىدا دەپ قىياس قىلىنغان. «لياۋ سۇلالىسى جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، چېگرا مۇداپىئە شەھەرلىرى شىمالىي ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. ئەگەر تاشىن بىرلىكتە يېتىپ ئاچقان يەتتە ھەربىي ئايماق چېگرا مۇداپىئە ئايماقلىرى بولسا، جىنجۇ قاتارلىق بەش ئايماق تىلغا ئېلىنماي قالمايتتى، ۋېيۇۋۇ سۆزى ۋېيغۇ (ئۇيغۇر) سۆزىگە ئاھاڭ جەھەتتە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئايمىقى (回鹘) دېگەن ئايماق بولغان ئەمەس. لياۋ سۇلالىسى بىر

لەن تۈرپان (ئىدىقۇت) خانلىقى ئوتتۇرىسىدا پەقەت سىرتىدا ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىلا بولغان، ئۇلار تەڭ ئورۇندىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىدى. ئىككىنچىدىن، تۈرپان (ئىدىقۇت) خانلىقى يالۇق تاشىن ئۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭغا بېقىندى بولۇپ قالغان ئەمەس. بۇنى يۇقىرىدىكى «جىن تارىخى»، 3-جىلد، «تەيزۇڭ خان توغرىسىدا خاتىرىلەر» ناملىق كىتابتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا يالۇق تاشىن قەشقەر خانى ئارسلان ئەھمەدتىن مەغلۇپ بولۇپ يەنە قايتىپ تۈرپانغا كەلگەن چاغدا، تۈرپان خانلىقى بۇ قېتىم ئۇنى قوبۇل قىلمىغان. ئەكسىچە، بىرنەچچە سەركەردىسىنى تۇتقۇن قىلىپ جىن خانلىقىغا ئەۋەتىپ بەرگەن، دېيىلگەن.

قارا قىتانلار ئۇزۇن يىللىق قانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يېڭى ۋە كەڭ زېمىنغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەرەبلەردىن ياردەم ئېلىپ ئىلگىرىكى لياۋ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئەرەبلەر سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىدى، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يالۇق تاشىن مۇشۇ يېڭى زېمىننى بازا قىلىپ، ئۆز كۈچى بىلەن ئىلگىرىكى لياۋ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە بىر قىسىم قوشۇننى خۇاڭخې ۋادىسىغا ماڭدۇردى، لېكىن بۇ قوشۇن ئۇزۇن ئۆتمەي مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ لياۋ سۇلالىسىنى قايتا تىرىلدۈرۈش نىيىتى يوققا چىقتى.

يالۇق تاشىن 1143-يىلى ئۆلدى (1124-1143)، ئۇ تارىختا گۈرخان I دەپ ئاتالدى، ئوغلى ئېلى (夷列) تېخى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئانىسى تابۇيەن خانىش (塔不烟) گۈرخان بولدى (1144-1150). 1150-يىلى، ئېلى ئۆزى گۈرخان بولدى (1150-1163)، ئۇ گۈرخان II دەپ ئاتالدى. بۇ جەرياندا خارەزم شاھ ئاتسىز ۋاپات بولۇپ (1156) ئورنىغا ئوغلى ئارسلان خارەزم شاھ ئولتۇردى. ئىنىسى سۇلايماننى شاھ قىلىش تەرەپدارلىرى مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى قېچىپ تابغاچ قاراخان پادىشاھىغا باردى. خارەزم شاھ قاچقۇنلارنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، رەت قىلىندى. شۇڭا خارەزم شاھ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدى. گۈرخان ئېلىك تۈركمەن ئىسىملىك بىر سەركەردىسىنى 10 مىڭ قوشۇن بىلەن قىلىچ تابغاچ بۇغرا قاراخانغا ياردەمگە ئەۋەتتى. سەمەرقەند دەرياسى بويىدا ئۇرۇش بولۇپ، ئارسلان خارەزم شاھ مەغلۇپ بولدى، نەتىجىدە ئارسلان خارەزم شاھ دادىسىدىنمۇ كۆپرەك باج-سېلىق بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

1163-يىلى (558-ھىجرى) قىلىچ تابغاچ بۇغرا قارا خان ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تابغاچ، بۇغرا قاراخاننىڭ ئوغلى جالالىددىن ئالى كورلاگان ئولتۇردى. ئۇ قاراخان ئۇنۋانىنى تاشلاپ، «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى. 1164-

يىلى (559 ـ ھىجرى)، ئارسلان خارەزىم شاھ (ئىلى ئارسلان) گۈرخانغا تۆلىنىدىغان باج ـ سېلىقنى تۈرختاتتى ۋە ئۇنىڭ ئالمى ۋالىسىنى قوغلاپ چىقاردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۈرخان ئۇرغۇن لەشكەر باشلاپ خارەزىمگە ھۇجۇم قىلدى. خارەزىم شاھ سەر-كەردىسى ئەيارىبەگ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى. شۇ ئارىدا گۈرخانغا قاتتىق كېسەل تېگىپ بالا ساغۇنغا قايتتى، خارەزىم شاھ بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى.

گۈرخان II كېسەل بولۇپ خارەزىمدىن قايتقاندىن كېيىن، 1163 ـ يىلى ئۆلدى. ئورنىغا سىڭلىسى يېلۇي پۇسۇۋەن (普速完) خاتۇن گۈرخان بولدى (1163 ـ 1177). گۈرخان پۇسۇۋەن خاتۇن تەدبىرلىك ئايال ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىلى ئارسلان خارەزىم شاھ ئۆلۈپ، ئوغلى سۇلتان شاھ تەختكە چىققان ئىدى، ئۇنىڭغا ئىنىسى تېكىش قارشى چىقىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى، تېكىش مەغلۇپ بولۇپ، گۈرخان پۇسۇ-ۋەن خاتۇننىڭ پاناھىغا باردى ۋە ياردەم سورىدى. گۈرخان پۇسۇۋەن خاتۇن ئېرى قارما بەگنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن خارەزىمگە ئەۋەتتى. تېكىش ئۇنىڭ ياردىمىدە خارەزىمنى ئالدى. ئاكىسى قېچىپ نىشاپۇر ھۆكۈمدارى مەلىك مۇئەييەتنىڭ پاناھىغا باردى. تېكىش تەختكە چىققاندىن كېيىن كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. 1174 ـ يىلى (570 ـ ھىجرى) ئۇ گۈرخاننىڭ ئالمى ئەمەلدارىنى ئۆلتۈردى. سۇلتان شاھ پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن گۈرخاننىڭ يېنىغا بېرىپ ياردەم سورىدى. گۈرخان پۇسۇۋەن خا-تۇن ئېرى قارما بەگنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى، قارما بەگ خارە-زىمگە يېقىن قالغاندا تېكىش خارەزىم شاھ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىلگىرىكىدەك باج-سېلىق بېرىشنى ۋە ئالمى دەنىمۇر قوبۇل قىلىشنى ماقۇل كۆرۈپ سۈلھ تەلەپ قىلدى. ئوتتۇرىدا سۈلھ بولدى ۋە قارما بەگ قايتىپ كەتتى.

1178 ـ يىلى (574 ـ ھىجرى) گۈرخان پۇسۇۋەن خاتۇن ئۆلۈپ، ئىلىنىڭ ئوغلى يېلۇي جىرگۇ (直鲁古) گۈرخان بولدى، بۇ، گۈرخان III ئىدى، خاتالىق تالاشقان ئىنىسى مەغلۇپ بولدى. خارەزىم شاھ گۈرخان III يېرگۇغا سېلىق تۆلەپ تۇردى. ئۇ 1193 ـ يىلى (589 ـ ھىجرى)، خۇراسان قاتارلىق چوڭ خانلىقلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ كۈ-چىيىپ قالغان ئىدى. لېكىن ئۇ، گۈرخانغا قارشى بىرەر ھەرىكەتتە بولمىدى، سەۋەبى، بۇ ۋاقىتتا موڭغۇللاردا چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چوڭ، قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئاي-لانغان، ئەتراپتىكى ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ قۇدرەتلىك كۈچ ئالدىدا گۈرخان بىلەن بىرلىشىشنى لازىم تاپقان ئىدى.[27]

1200 ـ يىلى (596 ـ ھىجرى)، خارەزىم شاھ تېكىش ئۆلدى. ئۇ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قۇتبىدىن مۇھەممەدكە مۇنداق دېدى: «گۈرخان بىلەن ما-دارا قىلىش كېرەك، ئۇنىڭغا مەن بېرىۋاتقان باج ـ سېلىقنى يەنىلا بېرىپ تۇر، چۈنكى گۈرخان كۈچلۈك، كۈچتىدارلىق خان. بۇ ئىشىۋار بىلەن گۈرخاننىڭ دوستلۇقى مەملىكەت-ىمىزنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن زۆرۈر» تېكىش (ئۆكۈش) ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇھەم-

مەد خارەزم شاھ بىر مەزگىل بۇ سۆزگە ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەر ئىككى دۆلەت يوقالدى.

مۇھەممەد خارەزم شاھ ئافغانىستان پادىشاھى سۇلتان شاھابىددىن بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولدى. سۇلتان شاھابىددىن بەلخ قاتارلىق ئۆلكىلەرنى بېسىۋالدى ۋە خوراسانغا يۈرۈش قىلدى. خارەزم شاھ مۇھەممەد گۈرخاندىن ياردەم سورىدى. گۈرخان لەشكەر تارتىپ كېلىپ سۇلتان شاھابىددىننى مەغلۇپ قىلدى. سۇلتان شاھابىددىننىڭ مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە خارەزم شاھ ئۆزىنى ئارام ئالدۇرماي ئۇرۇشۇپ، ئافغانىستان ۋە ئىراننى ئىشغال قىلىپ چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

مۇھەممەد خارەزم شاھ ئافغانىستان ۋە ئىراننى ئېلىپ چوڭ ۋە قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن گۈرخانغا باج-سېلىق تۆلەشنى رەت قىلدى ھەمدە سۇلتان ئوسماننى ئۆز يېنىغا تارتتى. گۈرخان ئەھۋالنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ۋەزىر مەھمۇد باينى خارەزمگە ئەۋەتتى. خارەزم شاھ مۇھەممەد مەھمۇد بايغا يامان مۇئامىلە قىلدى ۋە كېيىنرەك قاراخىتانلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلدى. 1207-يىلى مۇھەممەد خارەزم شاھ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدى، قارا خان سۇلتان ئوسمان خارەزم شاھ مۇھەممەدكە تەۋەلىك ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركىستان خارەزم شاھنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتتى. گۈرخان مۇھەممەد خارەزم شاھ بىلەن قارا خان سۇلتان ئوسمان توستىكە تالاس ۋالىيسى تىنگو بەگنى نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. سەمەرقەند يېنىدا ئۇرۇش بولۇپ، تىنگو بەگ ئېغىر يارىدار بولدى ۋە ئەسىر چۈشتى لەشكەرلىرى پىتىراپ قاچتى. خارەزم شاھ قوغلاپ زەربە بېرىپ سىر دەرياسىدىن ئۆتتى ۋە گۈرخاننىڭ ئىككىنچى پايتەختى ئوترار شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. قايتىپ بېرىپ تىنگو بەگنى سۇغا بېسىپ ئۆلتۈردى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى-تاشقى ئاپەتتىن پايدىلىنىپ كۈچلۈك 1211-يىلى، غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، موڭغۇل دالىسىدا باش كۆتەرگەن موڭغۇل قەبىلىسى تېمۇرچىن (چىڭگىزخان) باشچىلىقىدا، 1206-يىلى (603-ھىجرى) ھىنگان تاغلىرى (خانگاي تاغلىرى) ئېتىكىدە تايانگخان باشچىلىقىدىكى نايمان قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇشتا تايانگخان ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى كۈچلۈك مېركىت قەبىلىسى تەرىپىگە قاچتى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىز قوغلاپ كېلىپ، ئېرتىش دەرياسى بويىدا مېركىتلەرنى مەغلۇپ قىلدى.

تايانگخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك مانا شۇ زەربىدىن كېيىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى پايتەختى قۇز ئوردىغا قېچىپ كەلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي لياۋ خانى تېرگۈنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. كۈچلۈك مانا شۇ چاغدا موڭغۇل

قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىش ئىمكانىيىتىدىن يىتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئورنىدىن پايدىلىنىپ غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۇ بىر تەرەپتىن، موڭغۇللارنىڭ زەربىسىدىن كېيىن بەشبالىق ۋە ئېرتىش ۋادىسى بويىدا ئېقىپ يۈرگەن نايمان ۋە مېركىت قەۋملىرىنى يىغىپ قوشۇن تۈزدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خارەزىم شاھ مۇھەممەد ۋە سەمەرقەند خانى ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاشقا كىرىشتى ۋە گۈرخان سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلغاندا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بالا ساغۇنغا ھۇجۇم قىلدى، لېكىن گۈرخان قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ، ئاخىر كۈچلۈكنى مەغلۇپ قىلدى.

گۈرخان سەمەرقەندتىن كەتكەندىن كېيىن خارەزىم شاھ ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەن بولغان ئۇرۇشقا بەنت بولۇپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى، لېكىن گۈرخان بۇ ۋاقىتتا كۈچلۈكنى مەغلۇپ قىلىپ، خارەزىم شاھقا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. گۈرخان تالاس شەھىرى غەربىدە خارەزىم شاھنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ۋەقە 1209-يىلى (606-ھىجرى) بولدى. 1208-يىلى (605-ھىجرى) ئىدىقۇت گۈرخاننىڭ ئالىي مەئمۇرىنى ئۆلتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ۋە دەرھال چىڭگىزخانغا ئەلچى ۋە سوغا-سالام ئەۋەتىپ دوستلۇق بىلدۈردى. چىڭگىزخانمۇ دورباي ئىسىملىك بىر ئادەمنى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتتى. چىڭگىزخان ئىدىقۇتنىڭ بىر قىزىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىنىسىنىڭ قىزىنى بەردى. ئىدىقۇت چىڭگىزخاننىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا يۈزلەپ كاتىپ ۋە مۇئەللىم بەردى. نۇرغۇن قورال-ياراق تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت چىڭگىزخاننىڭ دوستى بولۇپ، ئىككى يىل مۇستەقىل ياشىدى. 1209-يىلى گۈرخاننىڭ خارەزىم شاھنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىدىقۇت قورقتى ۋە موڭغۇلىستانغا بېرىپ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا بېقىنىپ ئۇنىڭ ھىمايىسىگە كىردى.

خوتەن خانى قىلىچ خان گۈرخاننىڭ 1209-يىلقى ئېغىر ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، گۈرخانغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردى ۋە ئۇنىڭ خوتەندىكى ئالىي مەئمۇرىنى ئۆلتۈرۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ ئارىدا چىڭگىزخاننىڭ دۈشمىنى بولغان تاڭغۇت شاھزادىسى خوتەنگە قېچىپ كەلگەن ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ دوستلۇقىغا ئېگە بولۇش ئۈچۈن قىلىچ خان بۇ شاھزادىنى چىڭگىزخانغا تۇتۇپ بەردى. بۇ ۋاستە ئارقىلىق قىلىچ خان بىلەن چىڭگىزخان ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلدى. 1211-يىلى (608-ھىجرى) گۈرخان ئەسىر بولۇپ كۈچلۈكنىڭ ئىستىلاسى باشلانغاندا قىلىچ خان چىڭگىزخاننىڭ ھىمايىسىگە كىردى.

گۈرخاننىڭ كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، 1210-يىلى (607-ھىجرى) خارەزىم شاھ گۈرخان بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇشتى ۋە ئوترار، تاشكەنت شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭغا قارشى گۈرخان پۈتكۈل كۈچى بىلەن

يۈرۈش قىلدى ۋە تالاس بويىدا قاتتىق ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. بالا ساغۇندا ئاھالە قوزغىلىپ شەھەر قوۋۇقلىرىنى ئېتىۋالدى، گۈرخاننى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. گۈرخان شەھەرنى 18 كۈن مۇھاسىرە قىلدى. خەلق خارەزىم شاھ گۈرخاننى قوغلاپ كېلەرمىش دەپ ئاڭلىغان ئىدى، لېكىن خارەزىم شاھ كەلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. گۈرخان ئاخىرى شەھەر خەلقىنى مەغلۇپ قىلىپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى ۋە مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلدى. «رەۋزا تۇلساپا» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، شۇ قىرغىندا 47 مىڭ مۇسۇلمان ئۆلگەنمىش.

مانا شۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە گۈرخان ئاجىزلاپ كەتتى، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇغدۇلۇپ، گۈرخان ئەسكەرلەر تەبىقىسىنىڭ قولىدىكى بايلىقلارنى زورلۇق بىلەن خەزىنىگە ئېلىشقا باشلىدى. ئەسكەرلەر ئىسيان كۆتەردى. ئىمىل بويىدىكى كۈچلۈك بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 1211-يىلى (608-ھىجرى) بالا ساغۇنغا يۈرۈش قىلدى، گۈرخان مەغلۇپ بولدى، كۈچلۈك ئۆزىنى گۈرخان ئېلان قىلدى. گۈرخان ئېرگو 34 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ ئىككى يىل ئەسىرلىكتە تۇرۇپ ئۆلدى.

كۈچلۈك ھاكىمىيەتكە چىقىپ ئۆزىنى گۈرخان ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خارەزىم ۋە سەمەرقەندنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە پايتەختىنى قۇز ئوردىسىدىن قەشقەرگە يۆتكىدى؛ كۈچلۈك ياللۇق تاشىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن دىنىي ئېتىقاد سىياسىتىنى بىكار قىلدى، بۇ ھال ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى، ھەتتا بۇ ۋەقە بۇ ئىستىلاچىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈردى. كۈچلۈك كېلىپ چىققان نايمان قەۋمى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، كۈچلۈك ئەسلى خىرىستىيان مۇرىتى بولسىمۇ، ئىككى خوتۇنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ بۇددا دىنىغا كىرگەن ئىدى. مانا شۇ دىن مۇناسىۋىتى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇ خوتەندە مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىدى، ئىسلام ئاقساقاللىرىنى مەسچىت ئالدىدا قىرىپ تاشلىدى. مەسچىت-مەدرىسلەرنى مەنئى قىلدى، كىتابلارنى كۆيدۈردى. شۇ جەرياندا تارىم ئويمانلىقى بىر خارابىلىققا ئايلاندى. 1218-يىلى (615-ھىجرى) چىڭگىزخان كۈچلۈكنى يوقاتتى، قەشقەر، يەركەند، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى موڭغۇل قوشۇنىنى قارشى ئالدى. كۈچلۈك قېچىپ سارى كۆل (شىنجاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە) شەھىرىگە بارغاندا موڭغۇل قوشۇنلىرى قوغلاپ بېرىپ تۇتقۇن قىلدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى.

مانا شۇنىڭ بىلەن، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن كەلگەن قىتانلار (契丹人) قۇرغان 80 يىل سەلتەنەت سۈرگەن غەربىي لياۋ سۇلالىسى «قارا قىتان» ھاكىمىيىتى تامامەن يوقالدى.

# ئىزاھلار

① «تارىخ ئەل بەيھەقى» قاھىرە (1908 — 1909) نەشرى، 1 — توم 110 — بەت. پروفېسسورنىڭ ئەسەرىدىن ئېلىندى، Diekarachaneden·55·30

② «لياۋ تارىخى» «جۇغراپىيە تەزكىرىسى»

③ «لياۋ تارىخى» «غەربىي قوغدىغۇچى تەزكىرىسى» (兵卫志) «ئەمەلدار - مەنسەپدار تەزكىرىسى» (百官志)

④ جياشەن (夾山) - ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى ئۇلانچەب شىمالىدا

⑤ «لياۋ تارىخى» 19 — جىلد، 640 — بەت، «چىن تارىخى» 1 — جىلد، 10 — بەت، 121 — جىلد، 1444 — بەت.

⑥ «چىن تارىخى» 121 — جىلد، «يەنگيەنلۇ تەزكىرىسى» 6237 — بەت.

⑦ دىڭجيەن (丁谦): «غەربىي لياۋ دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرى توغرىسىدا تەتقىقات» (西辽立国本末考)؛ يۈيەنتيەن (羽田亨): «غەربىي لياۋ دۆلىتىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرى ھەمدە ئۇنىڭ يىل نامىلىرى» (西辽建国始末及其纪年)

⑧ لياڭ يۈەندۇڭ (梁园东): «تەرجىمە ئىزاھلىق غەربىي لياۋ تارىخى» 17، 15 — بەتلەر، 14 — ئىزاھات، 21 — 25 — بەتلەر، 13 — ئىزاھات.

⑨ ئەنبۇ جېننوۋ: «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتى تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» 1955 — يىلى نەشرى، 453 — 494 — بەتلەر.

⑩ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 — قىسىم، 144 — بەت.

⑪ «چىن تارىخى» 3 — جىلد «تەيزۇڭ توغرىسىدا خاتىرىلەر».

⑫ «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» 1 — توم، 1 — قىسىم 432 — بەت.

⑬ ⑭ ⑮ ⑯ جۇۋەينى (志费尼): «جاھان ئىستىلاچىسى تارىخى»، مەدچىنگ 世征界路史نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 — يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 421 — بەت.

⑰ لىۋچى: «شىمالىي ئەللەرگە ئەلچىلىك توغرىسىدا خاتىرىلەر» (北使记)

⑱ گۈرخان — چوڭ خان، ئۇلۇغ خان

⑲ جۇۋەينى ئەسلىدە shahna دېگەن، بۇ تۈركچە «باسقاق» (金吾守宫) سۆزىگە توغرا كېلىدىغان ئەرەبچە-پارسچە ئاتالغۇسى.

⑳ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر تارمىقى ۋە يەنە بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى

㉑ ㉒ جۇۋەينى: «جاھان ئىستىلاچىسى تارىخى» خەنزۇچە 421 — بەت.

㉓ جۇۋەينى: «جاھان ئىستىلاچىسى تارىخى» خەنزۇچە 436 — بەت.

㉔ «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» 5 — توم، 189 — بەت.

㉕ «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى» 1 — توم، 389 — 390 — بەتلەر؛ جۇۋەينى «جاھان ئىستىلاچىسى»، خەنزۇچە 436 — بەت.

㉖ لىۋجىيەلياڭ: «ئۇيغۇر تارىخى» خەنزۇچە «غەربىي لياۋنامە».

㉗ ئەنگىش - بۇ ئىسىم باشقا تارىخلاردا «تۈگۈش» دەپ يېزىلغان.

# تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىزدىنىش

تۇرسۇن هوشۇر

تاتار مىللىتى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇلار ئورال ـ ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان تاتار تىلىدا سۆزلىشىدۇ. تاتارلار تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىلىكى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جەھەتلەردىن مەملىكىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا دىققەتنى تارتقان، مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالىملىكى خېلى يۇقىرى بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. تاتارلارنىڭ قەدىمكى تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىر تەرەپتىن مۇشۇ قەدىمكى مىللەتنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاتارلار بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر ياكى غەيرى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنىڭ تارىخىنى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا، غەربىي شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇناسىۋەتلىك، ئەھمىيىتى زور ئىش. تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، تاتارلارنىڭ هازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن. تاتارلارنىڭ نوپۇسى ئالتە مىليون 300 مىڭ (1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە «ئوكيانۇس» نىڭ 2027 ـ بېتىگە ۋە 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «مىللەتلەر لۇغىتى» نىڭ 385 ـ بېتىگە قاراڭ)، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1926 ـ يىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسەن، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنىڭ 8،5000،000 ئەتراپىدا بولغانلىقىنى يازىدۇ. شىنجاڭدىكى تاتارلارنىڭ سانى 4300 (1957 ـ يىلدىكى سان ... خەنزۇچە ئۈچ توملۇق ئوكيانۇس 1 ـ توم 1244 ـ بەت) بولۇپ، ئاساسەن غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى ۋە ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ئۇندىن باشقا ئاساسلىقى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا، قالغانلىرى پولشا، رومىنىيە، فىنلاندىيە، ياپونىيە، برازىلىيە، چاۋشيەن، تۈركىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەت ھەم رايونلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. مەن تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئۆگىنىش مەقسىتىدە نۇرغۇن ماتېرىيال كۆردۈم، مەن

كۆرگەن تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللارغا تارىخانىدا، بۇ جەھەتتە ھەرخىل بايانلار بار. بەزى ماتېرىياللاردا تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى موڭغۇللارغا يەنى چىڭگىزخان ئىستىلاسىغا باغلايدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا تاتارلارنى بۇلغارلاردىن كېلىپ (بۆلۈنۈپ) چىققان دەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ماتېرىياللاردا تاتار دېگەن نام — تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى دەيدۇ، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا تاتارلارنى موڭغۇللارغىمۇ، بۇلغارلارغىمۇ باغلىمايدۇ.

مەن تۆۋەندە ئاساسەن تاتارلارنىڭ قەدىمكى تارىخى ئۈستىدە، يەنى چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى تارىخى ئۈستىدىلا توختىلىمەن. تاتارلارنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى تارىخى ھەققىدە سىستېمىلىق ماتېرىيال يېزىلمىغان. مەن بۇ يەردە پەقەت ئورخۇن - يېنسەي بويلىرىدىن تېپىلغان كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر ئابىدىلىرىدىكى ئايرىم يىپ ئۇچلىرىغا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىمەن.

١ . «تاتار» دېگەن قەۋم نامى توغرىسىدا.

تۈركچە «تارىخ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە تاتارلار توغرۇلۇق توختىلىپ: «...... تاتارلار - دەشتىلەبكى يۇرتلىرى شىمىنجاڭنىڭ شەرقىدە بولغان، چىڭگىز ئىمپېراتورلىقى زامانىدا ئاتاقلىق قىرغىنچىلىق بولغان مەملىكەت، رايونلارغا تارقالغان بىر قەۋم، قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرىدە ئىستەمى قاغاننىڭ (552 — 576) ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقان چەت قەۋملەرنى سانىغاندا «ئوتتۇز تاتار» دېگەن بىر قەۋم تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنداقلا كۈلتېگىن ئابىدىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇز تاتارلار بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ مەنبەلەردىن ئوتتۇز تاتارلارنىڭ بۈگۈنكى موڭغۇلىستاندا ئولتۇراقلاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ» دەيدۇ. تارىخچى ۋاڭ گوۋېيمۇ تاتارلار توغرىسىدا توختىلىپ: «تاتار» دېگەن بۇ ئىسىم كۆكتۈركلەر دەۋرىدىكى پۈتۈكلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئورخۇن تاش ئابىدىلىرىدە «ئوتتۇز تاتار» «توققۇز تاتار» دېگەن قەبىلە (قەۋم) ناملىرى يېزىلغان» دېيىلگەن (گۇەنتاڭجىلىن، 3 - قىسىم 634 - بەت ۋە «ئالتايلاردا ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندا قەبىلىلەر» 85 - بەت). دېمەك مىلادى 552 - 576 - يىللار ئارىلىقىدا ۋە 732 — 735 - يىللار ئارىلىقىدا تىكلەنگەن ئابىدىلەردە «تاتار» دېگەن قەۋم نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى شۇ دەۋرلەردە تاتارلارنىڭ قەبىلە بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى ۋە خوشنا قەبىلىلەر ئارىسىدا مەلۇم تەسىرى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بەزى ماتېرىياللاردا تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى نوقۇل ھالدا بۇلغارلارغا ياكى موڭغۇللارغا باغلاپ قويىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇلغارلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بۇلغارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا.

«بۇلغارلارنىڭ مەنبەسى» دېگەن كىتابتا: «بۇلغارلار هونلار بىلەن ئوغۇزلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن يېڭى بىر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋم» دېيىلگەن. تارىختا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن هونلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە سۈرۈلگەن ۋە غەربىي هونلار دەپ ئاتالغان. غەربىي هونلار IV ئەسىرلەردە ئىدىل (ۋولگا) تەرەپلىرىنى مەركەز قىلغان ھەمدە مۇنچۇق ئوغلى ئاتتىلا (مىلادى 406 — 453 يەنە بىر ماتېرىيالدا 400 — 453 دېيىلگەن) نىڭ باشچىلىقىدا يەنىمۇ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ بالتىق دېڭىزى ھەم رېيىن دەرياسى تەرەپلەرگىچە ئىلگىرىلەپ بارغان. ئاتتىلا 453-يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ياۋروپادىن (بالتىق دېڭىزى ھەم رېيىن دەرياسى تەرەپلەردىن) شەرققە سۈرۈلگەن هونلار بىلەن باشقا بەزى تۈركىي تىلدىكى قەبىلىلەر V ئەسىردە قارا دېڭىز ۋە كاپكازنىڭ شىمالىدا «بۇلغار» نامى ئاستىدا يېڭى بىر سىياسىي بىرلىك تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، VI ئەسىردە بۇ بىرلىك پارچىلىنىپ، بۇلغارلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي كاپكازغا ۋە ئاساسىي بۆلىكى ئىدىل-ئۇرال رايونىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يەرلىرىنى تەشكىل قىلغان ئوتتۇرا ئىدىل ۋە قاما دەرياسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى (ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى 12-توم 1-قىسمى، خەنزۇچە ئوكيانۇس 419-بەت، تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى 4-توم 191-193-بەتلەر). دېمەك «بۇلغار» دېگەن نامنىڭ مەيدانغا كېلىشى مىلادى 431-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەن يۇقىرىدا «تاتار» دېگەن قەۋم نامىنىڭ مىلادى 552 — 576 - يىللار ئارىلىقىدا تىكلىگەن، كۆكتۈرك قاغانى ئىستەمىنىڭ ئابىدەسىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. مىلادى 552 — 576 - يىللار ئارىلىقىدا تىكلىگەن ئابىدىلەردە «تاتار» دېگەن قەۋم نامىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ شۇ ئورۇندا «تاتار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ۋە ئەتراپىدىكى قەۋملەرگە تەسىر كۆرسىتەلىگەن قەۋمنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ناھايىتى يىراق بولغان شارائىتتا ۋە زامانىۋى قاتناش قوراللىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان شۇ دەۋردە ئىدىل ۋە قاما بويلىرىدىكى «بۇلغار» لاردىن «تاتار» لارنىڭ بىراقلا بۆلۈنۈپ چىقىشى ۋە ئورخۇن-يېنسەي بويلىرىغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى، شۇنداقلا بىراقلا ئەتراپىدىكى قەۋملەرگە تەسىر كۆرسىتىپ ئابىدىلەردە نامى تىلغا ئېلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. تارىخىي ماتېرىياللاردا شەرقتىن غەربكە بىر قانچە قېتىم قەبىلىلەر كۆچۈشلىرى بولغانلىقلىرى يېزىلغان، لېكىن غەربتىن شەرققە يەنى ياۋروپا تەرەپتىن موڭغۇلىستانغا (ئورخۇن-يېنسەي تەرەپلەرگە) قەبىلە كۆچۈشلىرى بولغانلىقى ھەققىدە ماتېرىياللار كۆرمىدىم. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» دە: «بۈگۈنكى قازانلىقلارنىڭ (قازان تاتارلىرىنىڭ) مەنبە جەھەتتىن «ئىدىل» (ۋولگا) بۇلغارلىرىغا باغلىنىشى، تارىخچىلار تەرىپىدىن

قوبۇل قىلىنماقتا ...... قازان ئۆلكىسىگە، تارىختىنىڭ تۇرلۇك دەۋرلىرىدە بىرقانچە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرمۇ كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى» دېيىلگەن. دەرۋەقە ھازىرقى زاماندا ئىدىل (ۋولگا)، قاما بويلىرىدا ياشاۋاتقان تاتارلار، تاتارلار ئومۇمىي سانىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. تارىختىكى بۇلغارلارنىڭ ئىدىل (ۋولگا)، قاما بويلىرىدا ياشىغانلىقىغا ۋە ھازىرقى زاماندىكى تاتارلارنىڭ ئىدىل (ۋولگا)، قاما بويلىرىدا ياشاۋاتقانلىقىغا قاراپلا تاتارلارنى بۇلغارلاردىن كېلىپ چىققان دېيىلسە بەكمۇ يەڭگىللىك بولۇپ قالامدۇ؟ بۇلغارلارنىڭ ئىدىل، قاما بويلىرىدا ياشىغانلىقىنى ۋە تاتارلارنىڭ ئىدىل، قاما بويلىرىدا ياشاۋاتقانلىقىنى، تارىختىكى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى تاتارلار ئىدىل، قاما بويلىرىغا كېلىپ بۇلغارلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرغان دېيىلسە ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۆزبېك ئېنسىكلوپېدىيىسى ۋە قازاق ئېنسىكلوپېدىيىسىدە تاتارلار توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ مۇنداق دېيىلدۇ: «تاتارلار - تاتار تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. «تاتار» دېگەن نام تۇنجى قېتىم 6 - 9 ئەسىرلەردە بايقالدىن شەرقىي جەنۇبتا كۆچۈپ يۈرگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇچرايدۇ. موڭغۇل تاتار باسقۇنچىلىقى دەۋرى (13 - ئەسىر) دە تاتار نامى ياۋروپاغا مەلۇم بولىدۇ» دېيىلگەن (ئۆزبېك ئېنسىكلوپېدىيىسى 10 - توم 596 - بەت). «تاتارلار تاتار تىلىدا سۆزلىشىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. «تاتار» دېگەن نام بايقالنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا يېقىن جايلارنى ماكان قىلغان كۆچمەنچى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدا 5 - 9 ئەسىرلەردە ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە يازمىلارغا قارىغاندا 8 - 9 ئەسىرلەردە (موڭغۇلىيە نىڭ شىمالىدا، ئامۇر دەرياسى ۋادىسىدا، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا كۆچمەن بولۇپ ياشىغان خەلق) «تا - تا»، «تا - تانى» ئاتالغان. 13 - ئەسىردە موڭغۇل باسقۇنچىلىقى دەۋرىدە ياۋروپاغا يېرىپ ئولتۇراقلاشقان ... » دېيىلگەن (قازاق ئېنسىكلوپېدىيىسى 10 - توم 579 - بەت). يۇقىرىدا مەن نەقىل كەلتۈرگەن ئېنسىكلوپېدىيىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا تاتارلارنىڭ قەدىمكى يۇرتلىرىنىڭ ئىدىل، قاما بويلىرى بولماستىن، بەلكى بايقالنىڭ شەرقىي جەنۇبى، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىي ئىكەنلىكىنى، پەقەتلا تاتارلارنىڭ 13 - ئەسىردىكى چىڭگىزخان يۈرۈشىدە، موڭغۇللار بىلەن بىرگە ئىدىل، قاما بويلىرىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مانا بۇلار مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان «تاتارلار بۇلغارلاردىن بۆلۈنۈپ چىقمىغان» دېگەن، كۆز قاراشنى دەلىللەيدۇ. يۇقىرىدا بۇلغارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە بۇلغارلارنىڭ تاتارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختالدىم. تۆۋەندە موڭغۇللار بىلەن تاتارلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختىلىمەن.

ھازىرغا قەدەر ئايرىم ماتېرىياللاردا تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى موڭغۇللارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. يۇقىرىدا «تاتار» دېگەن قەۋم نامىنىڭ مىلادى

552 — 576 - يىللار ئارىلىقىدا تىكلەنگەن ئابىدىلەردە كۆرۈلگەنلىكى سۆزلەنگەنىدى. تۆۋەندە موڭغۇللارنىڭ تارىخىغا قاراپ باقايلى. خەنزۇچە ئوكيانۇستا: «موڭغۇل - مىللەت ئىسمى. ئەڭ دەسلەپ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەنبەلەردە كۆرۈلىدۇ. شۇ مەنبەلەردە «蒙兀室韦» دېگەن خەت بىلەن خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى سۇڭ، لياۋ، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تارىخىي مەنبەلەردە «萌古»، «蒙古里» قاتارلىق ئوخشىمايدىغان خەنزۇچە خەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئۇلار دەسلەپتە ئېرگۇنا دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ئاستا - ئاستا غەربكە كۆچۈپ ئونون، كېرولېن، تۇغلا ئۈچ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كېنتى تېغى تەرەپلەرگە بارغان. XIII - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ باشلىقى چىڭگىزخان چوڭ قۇمۇلتۇقنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل خانلىقىنى قۇردى» دېيىلگەن. (بىر تومۇلۇق ئوكيانۇس 1627 - بەت) ھەممىمىزگە مەلۇم تاڭ سۇلالىسى مىلادى 618 - يىلدىن 907 - يىلغىچە دەۋر سۈرگەن. بۇنىڭدىن شۇنىسى مەلۇمكى «موڭغۇل» دېگەن قەۋم نامىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىشى، «تاتار» دېگەن قەۋم نامىدىن خېلىلا كېيىن كېلىدۇ. ئۇنداق بولسا تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى نېمە ئۈچۈن موڭغۇللارغا باغلاپ قويۇلىدۇ؟ بىز ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىلەرگە قاراپ باقايلى. تۈركچە «تارىخ ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە: «...... موڭغۇل ئىستىلاسىدىن سۆز قىلىدىغان مەنبەلەر، موڭغۇللار ئۈچۈن ئالاھىدە تاتار نامىنى قوللىنىدۇ. مەملۇك تارىخچىلىرىمۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولغان ئىلخانلىقلارنى ۋە تۆمۈرنى تاتار دەيدۇ. ئەمما ئۇلار موڭغۇللارنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋم دەپ قوبۇل قىلىدۇ.

موڭغۇل ئىستىلالىرى ۋاقتىدا ئوتتۇرا شەرقتە موڭغۇل ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر ئارىلاشقان توپلار كەلدى. بۇ ئارىدا تاتار نامىنىڭ خەلقىمىز كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەسەرلەر بار. تارىخچى رەشىدىددىن موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنىڭ ھەممىسىگە تاتار نامىنى بېرىدۇ ...» دېيىلگەن. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە تاتارلار توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ: «تاتار ھەرقايسى زامانلاردا تۈرلۈكچە مەنادا قوللىنىلغان بىر خەلق نامى بولۇپ، بۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەلۇماتلار ھازىرغا قەدەر پۈتۈنلەي خاتا ۋە تولۇقسىز ھالدا چىڭگىزخان دەۋرىگە ئائىت مەنبەلەرگە تايىنىدۇ. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنى ۋە موڭغۇللارنى بەك ياخشى بىلگەن مەشھۇر ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىن ئۆز زامانىسىدا پەقەت بۇيىر كۆلى تاتارلىرىنى بىلەتتى. بۇ تاتارلار، چىڭگىز خاننىڭ دادىسى ئىدارە قىلغان موڭغۇللارغا قارىغاندا خېلى كۈچلۈك ۋە خېلى تەرتىپلىك بىر قەۋم ئىدى. بىر كۆرۈنۈشكە ئالدانغان رەشىدىددىن موڭغۇللاردىن ئىلگىرىكى بۇيىر كۆلى تاتارلىرىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىدارە قىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر

كىمنىڭ تاتار نامى بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. رەشىدىددىننىڭ بۇ نەزەرىيىسى ياۋروپالىق ئالىملار تەرىپىدىنمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلىندى ...» دەپ بىلگەن (ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى 12 - توم 1 - قىسىم 50 - بەت). يۇقىرىقى ئىككى مەنبەدىن ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىن ۋە ئۇنىڭ كىتابىنىڭ «تاتارلار، موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان» دېگەن خاتا چۈشەنچىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى شەخس ۋە ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ بىرىنچى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

يەنە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە: «...... شۇنىسى مەلۇمكى، جۇڭگودىكى قىستان (لياۋ) سۇلالىسى بىلەن تۇرپان ۋە بەشبالىقتىكى ئۇيغۇر دۆلىتىدىن باشقىلار، جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى پۈتۈن خەلقلەر ئاق تاتار دېيىلەتتى»، دېيىلگەن (ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى 12 - توم 1 - قىسىم 53 - بەت). تارىخى مەنبەلەردىن «تاتار»، «ئاق تاتار» ۋە «قارا تاتار» دېگەن قەۋم ناملىرىنى كۆرگەن ئايرىم كىشىلەر بۇ قەۋملەرنىڭ پەرقىنى ئاجرىتالماي، چىڭگىزخاننىڭ XIII - ئەسىردە موڭغۇل ۋە تاتارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكىگە ۋە چىڭگىز خاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغان قوشۇنى ئىچىدە كۆپ سانلىق تاتار ئەسكەرلەرنىڭ بولغانلىقىغا قاراپ «تاتارلار موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان» دېگەن خاتا چۈشەنچىگە كېلىشىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ ئىككىنچى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى دەۋرلەردە قازان ۋە قىرىم رايونىدا ياشاۋاتقان تاتار خەلقى ئارىسىدا «تاتار» دېگەن نام تاتارلارنىڭ ئۆز نامىمۇ ياكى موڭغۇللاردىن كەلگەن ناممۇ؟ ... دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا تالاش - تارتىش بولغان. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيىدە تارىخچى دەپ تونۇلغان شاھابىددىن مەرجانى (1818 — 1889) بىلەن قازان (تاتار) ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رولى بولغان ئابدۇقەييۇم ناسىرى (1824 — 1902) «تاتار» دېگەن نامنىڭ موڭغۇللاردىن كەلگەن بولماستىن، بۇ قەبىلە ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۆز ناملىرىنى قوللانغانلىقىنى كەسكىنلىك بىلەن ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن قازان، قىرىملاردا ياشاۋاتقان تاتارلار «تاتار» دېگەن ئىسىمنى داۋاملىق قوللىنىشقا باشلىغان. مانا بۇلار تاتارلارنىڭ موڭغۇللاردىن بۆلۈنۈپ چىقمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن يۇقىرىدا تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بۇلغارلار ۋە موڭغۇللار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئۇنداقتا تاتارلار قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا قاراپ باقايلى.

1) تاتارلارنىڭ تىلى توغرىسىدا.

ماقالىنىڭ باش قىسمىدا «تاتارلار - ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان تاتار تىلىدا سۆزلىشىدۇ» غانلىقىنى كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ پەقەت ھازىرقى زامان تاتار تىلىنى كۆرسىتىدۇ. «تۈركچىنىڭ گىرامماتىكىسى» دەپ

گەن كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە قەدىمكى تىللار توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ: «مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردە ئانا ھۇن تىلى بەزى دىئالېكتىلارغا ئايرىلغان. بۇلاردىن غەربىي ھۇن دىئالېكتىنىڭ بۈگۈنكى چۇۋاشچە ۋە ئۇنىڭغا تۇغقان بولغان تىللارنى، شەرقىي شىمال ھۇن دىئالېكتىنىڭ ياقۇتچە ۋە ئۇنىڭغا تۇغقان بولغان تىللارنى، شەرقىي ھۇن دىئالېكتىنىڭ بولسا تۈركىي - تاتار تىللىرىنى يارىتقانلىقىنى تەخمىن قىلىمىز. ئەڭ قەدىمكى تۈركىي نامى بېرىلگەن بۇ شەرقىي ھۇن دىئالېكتى دېيىلگەن يېزىقتىن قالمىمىزغا پەقەت بەش ئۇنچە سۆز چۈشتى» دېيىلگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم تىل - ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى بولۇپ، بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ئۇزۇن زامان بىر ئورۇندا توپ بولۇپ ياشىشىدىن ۋە بىر - بىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان. يۇقىرىقى پاكىت بىز ھازىر كېلىپ چىقىشىنى ئۆگەنمەكچى بولغان تاتارلارنىڭ تىلىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىلا شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆۋەندە تاتارلار تارىختا پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلار توغرىسىدا توختىلىمەن. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بىزگە سىستېمىلىق تارىخىي ماتېرىياللار قالدۇرمىغاچقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنىڭ تارىخىنى قوشنا قەۋملەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئايرىم ۋەسىقىلەردىكى قىسمەن يىپ ئۇچلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. تاتارنىڭ تارىخىمۇ شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ تاتارلار ماددىسىدا تاتارلار توغرىسىدا توختىلىپ[3] كېلىپ: «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدا ئوتتۇز تاتارلارنىڭ نامى توققۇز ئوغۇز، يەنى ئۇيغۇرلار بىلەن بار ۋەر سۆزلىنىدۇ (جەنۇب 2) قەدىمكى تۈركىي ئابىدىلىرىدە ئىستەمى قاغاننىڭ (552 - 576) ماتەم مۇراسىمىغا كەلگەن يات قەۋملەرنى سانىغاندا ...... شىمالدىكى قىرغىز ۋە قۇرىقانلار سانالغاندىن كېيىنمۇ، ئوتتۇز تاتارلاردىن سۆز ئېچىلىدۇ ئاندىن قىتانلارغا كېلىدۇ (شەرق - 4). قىتانلارنىڭ ئولتۇرغان يەرلىرى مەلۇم. بۇنىڭغا قارىغاندا ئوتتۇز تاتار قەۋملىرىنىڭ بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدە بولغانلىقلىرى ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. يەنە ئەينى ۋاقىتتا، كۆلتېگىن ئابىدىسىنىڭ باشقا يەرلىرى (شەرق - 14) گىمۇ يېزىلغان» دېيىلگەن. ئاندىن باشقا بىلگە قاغان ئابىدىسىدە توققۇز ئوغۇزلار يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل نەسەپلىرى بىلەن تاتارلارنىڭ توغلا دەرياسى يېنىدا ئۇرۇشقانلىقى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمدارى بايانچۇرنىڭ كۆكتۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئابىدىسىدە، بۇ بۈيۈك ئۇيغۇر قاغانى بىلەن تاتارلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار بولغانلىقى، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى كەيرە»، باشى ۋە ئۈچ بىركى ناملىق يەرلەردە بولغانلىقى ئېيتىلغان. يەنە شۇ ئابىدىدىكى ئايرىم مەلۇماتلاردىن «كەيرە» دېگەن جاينىڭ ئورنى بايانچۇر قاغان تۇرغان جاينىڭ شەرقىدە ئىكەنلىكى مەلۇم. بايانچۇر قاغاننىڭ ئابىدىسىگە قارىغاندا 747 - يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلار، سەككىز ئوغۇز ۋە توققۇز تاتارلار بىلەن ئۇرۇشقان ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى سېلىڭگا

دەرياسى بويلىرىدا بولغان. بۇلاردىن توققۇز تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالىسىنى يىغىن ئولتۇرۇشقانلىقىنى ياكى ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشقانلىقلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇلار ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان تاتارلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخى ۋە شۇ قەدىمكى دەۋرلەردە تاتارلارنىڭ ياشىغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تارىختا تاتارلار مەيلى ئۇيغۇرلار بىلەن مەيلى كۆكتۈركلەر بىلەن ئۇرۇشسۇن ياكى ئىناق ئۆتسۇن، تاتارلار بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە كۆكتۈركلەرنىڭ كۆپرەك بىر ئورۇندا ياشاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۇقىرىدا مەن تاتارلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى توغرىسىدا توختالدىم. تۆۋەندە تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان مەنبەلەر توغرىسىدا توختىلىمەن.

خەنزۇچە «ئوكيانۇس» تا: «تاتارلار تاڭ دەۋرىدىكى يازما ماتېرىياللاردا كۆكتۈرك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بىر قەبىلە دەپ خاتىرىلەنگەن. كۆكتۈركلەر ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، تاتارلار ئاستا - ئاستا كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلانغان. ئىككى سۇڭ، لياۋ ۋە جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تاتارلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن باشقا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى قارا تاتارلار، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ۋاڭ گۇ (ئۆڭگۈت) قەبىلىلىرى ئاق تاتارلار دەپ ئاتالدى ...» دېيىلگەن. (خەنزۇچە «ئوكيانۇس» 3 - توم 4641 - بەت). بىز بۇنىڭدىن ئاق تاتارلارنىڭ ۋاڭ گۇ (تۆۋەندە ئۆڭگۈت دەپ قوللىنىلىدۇ) قەبىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇنداقتا ئۆڭگۈت قەبىلىسى قانداق كېلىپ چىققان؟ تۆۋەندە مەن ئۆڭگۈت قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن.

خەنزۇچە «ئوكيانۇس» تا: «ئۆڭگۈتلەر چۆل تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققان، لياۋ، جىن (金) سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلدىكى چوڭكىنت تېغىنىڭ شىمالى تەرەپلىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئىلگىرى ئاخىرى لياۋ، جىن سۇلالىلىرىگە تەۋە بولۇپ، جىن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىنى ساقلىغان. ئۇلار خەنزۇلارغا يېقىن ئولتۇرغاچقا مەدەنىيىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. ھۆكۈمران تەبىقىلەر جىڭجاۋ (يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقالغان خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى) گە ئېتىقاد قىلغان. سۇڭلۇقلار ۋە يۈەنلىكلەر ئۇلارنى ئاق تاتارلار دەپ ئاتىغان. XIII- ئەسىردە چىڭگىزخان ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە موڭغۇللارغا قوشۇلغان» دېيىلگەن (خەنزۇچە «ئوكيانۇس» 2044 - بەت). بۇنىڭدىن بىز ئۆڭگۈت قەبىلىسىنىڭ چۆل تۈركلىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنداقتا چۆل تۈركلىرى قانداق كېلىپ چىققان؟ ماتېرىياللاردا چۆل تۈركلىرىنىڭ كې

لىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىككى خىل مەنبە بار. بىز بۇ ھەر ئىككى مەنبەنى كۆرۈپ باقايلى.

1) خەنزۇچە «ئوكيانۇس» تا: «چۆل تۈركلىرى ـ قەدىمكى قەبىلە ئىسمى. غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ ئايرىم قەبىلىسى. مىلادى 627 — 649 ـ يىللىرى ئالتۇن تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە، باركۆلنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ رايوننىڭ دائىرىسىدە چوڭ قۇملۇق بولغان (بۈگۈنكى ئىسمى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى)...» دېيىلگەن. دېمەك بۇنىڭدا چۆل تۈركلىرىنى غەربىي كۆكتۈركلەرگە باغلايدۇ.

2) تۈركچە «تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابتا: «ئون ئوقلار ـ ئالتايلاردىن سەيخۇن (سىر دەريا) بويلىرىغا قەدەر بولغان كەڭ رايونلاردا كۆرۈلىدۇ. بۇلار 10 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بەشى شەرقتە تولۇ (سول قانات)، بەشى غەربتە نۇشىبى (ئوڭ قانات) قا ئايرىلغان ۋە «غەربىي كۆكتۈركلەر» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. تۈرگەشلەر تولۇلاردىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇلاردىن بىر قىسمى چىگىل، چۇمى ناملىرى بىلەن ئاتالغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە 630 ـ يىللىرى كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولمىغان ۋاقىتتا بەشبالىق ئەتراپىدىكى چۆللەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە چۆل تۈركلىرى نامىنى ئالغان» دېيىلگەن (تۈرك مىللىي مەدەنىيىتى 91 ـ بەت). بۇنىڭدىمۇ چۆل تۈركلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «غەربىي كۆكتۈركلەرگە باغلايدۇ. ئۇنداق بولسا بىز «غەربىي كۆكتۈركلەر» نىڭ كېلىپ چىقىشىغا قاراپ باقايلى.

غەربىي كۆكتۈركلەر، مىلادى 567 ـ يىلى تۇمەن (بۇمىن) قاغاننىڭ ئىنىسى ئىستەمى قاغان غەربىي ئەللەرگە يۈرۈش قىلىپ ئىپتالىت (ئاق ھۇن) لارنى يوقىتىپ، ئىرانلىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، (ئىستەمى) غەربىي قىسىم كۆكتۈركلەرنىڭ قاغانى بولىدۇ. مىلادى 582 ـ يىلى ئىستەمى قاغاننىڭ ئوغلى تاردۇ قاغان بىلەن شەرق قىسمىدىكى ئىل كۆلۈگ شادباغا ئىشبارا قاغان ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆكتۈركلەر ئىككىگە ئايرىلىدۇ. غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ تېررىتورىيىسى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. غەربىي كۆكتۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ خاقانلىقى بىلەن ھىندىستان، شەرقىي رىم، ئىران قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. مىلادى 659 ـ يىلى غەربىي كۆكتۈركلەر تاڭ خاقانلىقىغا پاراكەندىچىلىك سالغاچقا، تاڭ خاقانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغانىدى (خەنزۇچە «ئوكيانۇس» 4199 ـ بەت). يۇقىرىدا مەن ئاق تاتارلارنىڭ ئۆڭگۈتلەر ئىكەنلىكىنى، ئۆڭگۈتلەرنىڭ چۆل تۈركلىرىگە باغلىنىدىغانلىقىنى، چۆل تۈركلىرىنىڭ غەربىي كۆكتۈركلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى ۋە غەربىي كۆكتۈرك-

سەرنىڭ كۆكتۈركلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. تۆۋەندە چۆل تۈركلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن.

يۇقىرىدا «چۆل تۈركلىرىنىڭ مىلادى 627 — 649 - يىللىرى ئالتۇن قوم تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە، بارىكۆلنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بۇ رايوننىڭ دائىرىسىدە «قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى» دېيىلىدىغان قۇملۇقنىڭ بارلىقى سۆزلەنگەنىدى. تەبىئىيكى بۇ چۆل رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنى خەنزۇلار چۆللۈكتە پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭ بىلەن «چۆل تۈركلىرى» دېگەن ئىسىم بىر قەۋمگە قەۋم ئىسمى بولۇپ قالغان. چۆل تۈركلىرى ئەسلىدە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەۋم بولۇپ، كۆكتۈركلەر ئىككى قىسىمغا، يەنى شەرقىي كۆكتۈركلەر ۋە غەربىي كۆكتۈركلەرگە بۆلۈنگەندە ئۇلار غەربىي كۆكتۈركلەر تەركىبىدە بولغان. ئۇلار تۇرخۇن قاتارلىق جايلاردىن غەربكە كۆچۈپ بارىكۆلنىڭ شەرقىگە، بەشبالىققا ۋە ئالتۇن قوم تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. چۆل تۈركلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرلىرىگە قاراپ كۆكتۈرك دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى، ئۇيغۇر دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى ۋە بەش سۇلالە دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى دەپ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

## كۆكتۈرك دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى

چۆل تۈركلىرى غەربىي كۆكتۈركلەر دەۋرىدە (552 - يىلدىن 742 - يىلغىچە) پائالىيەت ئېلىپ بارغاچقا «كۆكتۈرك دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. چۆل تۈركلىرىنىڭ بارىكۆلنىڭ شەرقىي تەرىپىگە، بەشبالىققا ۋە ئالتۇن قوم تېغى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى مۇشۇ دەۋردە بولغان.

## ئۇيغۇر دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى

چۆل تۈركلىرى ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە (744 - يىلدىن 840 - يىللارغىچە) پائالىيەت ئېلىپ بارغاچقا «ئۇيغۇر دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىدى.

مىلادى 742 — 756 - يىللار ئارىلىقىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدە ئەن لۇشەن، شى سىمىڭ توپىلىڭى يۈز بەردى. بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ئامالى قالمىغان تاڭ خاقانلىقى ئۇيغۇرلاردىن ۋە چۆل تۈركلىرىدىن ياردەم سوراپ ئەلچىلەر ئەۋەتتى. چۆل تۈركلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى باشلىقى قۇتۇچ ئىدى. ئۇيغۇرلار ۋە چۆل تۈركلىرى

تاڭ خاقانلىقىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. چۆل تۈركلىرىنىڭ باشلىقى قۇتلۇچ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇئاۋىن تۇتسۇق ئۇنۋانى بىلەن بۇ ئىسياننى باستۇرۇشقا قاتنىشىدۇ ۋە ناھايىتى زور خىزمەتلەر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇتلۇچقا «مۇھاپىزەتچى تولۇغ گېنېرال» ئۇنۋانى بېرىلىدۇ.

## بەش سۇلالە دەۋرىدىكى چۆل تۈركلىرى

تاڭ سۇلالىسى مىلادى 906 - يىلى يىقىلغاندىن كېيىن جۇڭگو بۆلۈنۈش دەۋرىگە كىردى. موڭغۇل دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بولغان 1280 - يىلىغا قەدەر بۇ دەۋردە جۇڭگودا بەش سۇلالە (906 — 960)، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1126)، قىتان (لياۋ) سۇلالىسى (907 — 1211)، غەربىي شيا دۆلىتى (1038 — 1227)، جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتى (1127 — 1279)، شىمالدىكى جىن (金) دۆلىتى (1115 — 1234) قۇرۇلغانىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بەش سۇلالە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. كېيىنكى لياڭ سۇلالىسى (906 — 922)
2. كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى (923 — 936)
3. كېيىنكى جىن سۇلالىسى (937 — 946)
4. كېيىنكى خەن سۇلالىسى (947 — 950)
5. كېيىنكى جوۋ سۇلالىسى (951 — 960)

بۇ بەش سۇلالىنىڭ ئۈچىنى چۆل تۈركلىرى قۇرغان. بۇ ئۈچ سۇلالە لى سۈنشۈ تەرىپىدىن 923 - يىلى قۇرۇلۇپ، 936 - يىلى يىقىلغان. كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى شى جىڭتاڭ تەرىپىدىن 936 - يىلى قۇرۇلۇپ، 946 - يىلى يىقىلغان. كېيىنكى جىن سۇلالىسى ۋە لىيۇجىيۈەن تەرىپىدىن 947 - يىلى قۇرۇلۇپ، 950 - يىلى يىقىلغان كېيىنكى خەن سۇلالىسىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا چۆل تۈركلىرىنىڭ بارىكۆلنىڭ شەرقىدە، بەشبالىقتا ۋە ئالتۇن قۇم تېغى تەرەپلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى سۆزلەندى. ئۇنداقتا بەش سۇلالە قۇرۇلۇشى مەزگىلىدىكى چۆل تۈركلىرى نەدىن كەلدى؟ چۆل تۈركلىرى بارىكۆلنىڭ شەرقىدە، بەشبالىقتا ۋە ئالتۇن قۇم تېغى تەرەپلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە بەزىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ تۈبۈتلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ، بەزىدە تۈبۈتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇشىدا ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە چۆل تۈركلىرى خېلى ھالسىرايدۇ، تۈبۈتلارمۇ ئارقا - قارقىدىن ئەسكەر چىقىرىپ چۆل تۈركلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن چۆل تۈركلىرىنىڭ بىر قىسمى مىلادى 808 - يىلى جۇڭغاي تەرەپلەرگە قاچىدۇ،

يەنە بىر قىسمى ھازىرقى تەيۋەن تەرەپلەرگە كېلىپ يەرلەشتى. چۇغاي تەرەپلەرگە كەلگەن چۆل تۈركلىرى ئۆنگۈتلەر (ئاق تاتارلار) نامى بىلەن ئاتالدى. تەيۋەن تەرەپلەرگە كەلگەن چۆل تۈركلىرى دەسلەپتە خەنزۇلار بىلەن ئىناق ئۆتتى. كېيىنكى دەۋرگە كەلگەندە تاڭ سۇلالىسى خاقانلىقى يىقىلىپ، جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە بەگلىكلەر ئۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇ مەزگىللەردە چۆل تۈركلىرى ئۈچ سۇلالە قۇرىدۇ.

يۇقىرىدا چۆل تۈركلىرى توغرىسىدا ۋە تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان قەبىلە، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە خوشنا قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدىم. تۆۋەندە تاتارلارنىڭ ئىپتىدائىي ئادەتلىرى ۋە تارىختا قوللانغان ئەمەل ناملىرى توغرىسىدا توختىلىمەن.

## تاتارلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتى توغرىسىدا

«ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ تاتارلار ماددىسىدا خەنزۇ تارىخ ئالىمى ۋاڭ گوۋېينىڭ «گۇەنتاڭجىلىن» ناملىق كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىككىنچى موڭغۇل ئىمپېراتورى ئۆگدەيخان (1186 — 1241)، جۇڭگودىن موڭغۇل پايتەختىگە كەلگەن مەشھۇر جۇڭگو گېنېرالى مېڭ خۇڭغا، جۇيخان ئىسىملىك بىر ئاق تاتار گېنېرالىنى ساھىبخان قىلىپ بېكىتتى. گېنېرال مېڭ خۇڭ «موڭغۇل ۋە تاتارلارنىڭ شىمالدىكى رايونلىرى» ماۋزۇلۇق پەۋقۇلئاددە ساياھەتنامىسىدە ئاق تاتار جۇيخانىڭ يول بويى خەنزۇچە سۆزلەشكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. يەنە بۇ ساياھەتنامىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇيخان جۇڭگو ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىدىن ۋە ماقال - تەمسىللىرىدىن كۆپ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن شۇنداق سۆزلەر ۋە لەتىپىلەر سۆزلىگەنلىكى، خۇسۇسەن بۇ جەھەتتە ئۈستۈن ھېسابلانغان بۇ جۇڭگو ئەلچىسىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. كېلەچەكتە ئۆزلىرى ئۈچۈن زور تەھلىكە كېلىدىغان موڭغۇللارنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى بۇ ئەلچىنىڭ دوكلاتىغا باغلىغان ئىدى. بۇ چاغدا جۇڭگو ئەلچىسى ئاق تاتار جۇيخاننىڭ يۈزىنىڭ يارا ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە قىزىقىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. (مېڭ خۇڭ) ئاق تاتار جۇيخاندىن ماتەم مۇراسىملىرىدا يۈزلىرىنى پىچاق بىلەن جىجىپ قان چىقارغانلىقىنى ۋە بۇ قانلارنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرغانلىق جاۋابىنى ئېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمكى كۆكتۈرك ئادەتلىرىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ قەدەر ئالىي بىر مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئاق تاتارلارنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق ئىپتىدائىي ئادەتلەرنى شۇ ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلدۇرغانلىقىغا بولغان ھەيرانلىقىنى ساياھەتنامىسىدە ئىپادە قىلىدى» دېيىلگەن. كۆكتۈركلەرنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا يۈزىنى پىچاق بىلەن

جىجىپ قان چىقىرىشى ۋە جىجىپ چىقارغان قانىنى كۆز يېشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى، ۋاپات قىلغۇچىغا نىسبەتەن چەكسىز ھۆرمىتى، ساداقىتى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئىپادىلىگەن قەسەمىيادى بولۇشى كېرەك. تەخمىنەن 6 — 8 ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن كېيىنمۇ بىر ئاق تاتار گېنېرالىنىڭ يۈزىنى پىچاق بىلەن جىجىپ قان چىقىرىپ ماتەم تۇتۇشى قانداقتۇر بىر تەسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى ئۆز ئەجدادىنىڭ مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتا يالغۇز ئاق تاتارلارنىڭلا مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى كۆكتۈركلەرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بىزنى ئىنتايىن مۇھىم بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تۆۋەندە تاتارلارنىڭ تارىختا قوللانغان ئەمەل-ئۇنۋانلىرى توغرىسىدا توختىلىمەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە تاتارلار تارىختا تېگىن، ئاق تېگىن، ئىلىگ، ئۆگە، بۇقا، تۇتۇق ۋە بۇيرۇققا ئوخشاش ئەمەل، ئۇنۋانلارنى قوللانغان.

تاتارلار تارىختا قوللانغان «تېگىن» ئۇنۋانى قەدىمكى تۈركىي تىلدا «پادىشاھ، ھۆكۈمدارنىڭ ئوغلى»، «ۋەلىئەھد» مەنىسىدە كەلگەن. ئورخۇن بويىدىن تېپىلغان ئابىدەلەرنىڭ بىرى-كۈلتېگىن ئابىدەسى كۆكتۈرك خانىنىڭ ئوغلى كۈلتېگىن نامىغا تىكلەنگەن بولۇپ، «كۈلتېگىن» دېگەن ئىسىمنىڭ ئۆزىدىنلا «كۈل» ئىسىملىك «شاھزادە» ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«ئۆگە» ئۇنۋانى-قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا «ۋەزىر»، «دانىشمەن» مەنىسىدە قوللىنىلغان. بۇ ئۇنۋاننى X ئەسىردە قوچولۇق ئۇيغۇرلار قوللانغان بولۇپ، تۇرپان ئىدىقۇتنى ئارسلانخاننىڭ قېيىن ئاتىسى خانلىقنىڭ ئۆگەسى (دانىشمەنى) ئىدى.

«بۇيرۇق» ئۇنۋانى-قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا «ۋەزىر، ئۇلۇغ ۋەزىر» مەنىسىدە قوللىنىلغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۇرپان ئىدىقۇتنىڭ قېيىن ئاتىسى ئاتا ئۆگە خانلىقنىڭ بۇيرۇقى بولۇپ، «ئاتا» ئىسىملىك «دانىشمەن ۋەزىر» ئىكەنلىكى مەلۇم.

«تۇتۇق» - «ئەسكەر باشلىقى، ھەربىي ۋالى» مەنىسىدە بولۇپ، تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇقى دېگەندەك جايلاردا قوللىنىلغان، بۇ ئۇنۋاننى تاتارلار ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغانلىقى مەلۇم. دېمەك تاتارلارنىڭ بۇنداق ئەمەل، ئۇنۋانلارنى قوللىنىشى، كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلارنىڭ ئۇزۇن زامان بىر قورۇندا ياشىغانلىقى ياكى خوشنا بولۇپ ياشىغانلىقى شۇنداقلا دائىم ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەنلىكى سەۋەبلىك مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە بىر-بىرىگە تەسىر ئۆتۈشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تاتارلار جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىكى ئورنىغا قاراپ قارا سۇ تاتارلىرى، چۇغاي تاتارلىرى، شىمال تاتارلىرى، ئالاشەن تاتارلىرى، قارا تاتارلار ۋە ماھىيىتى ئېنىق بولمىغان تاتارلار دەپ بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئايرىلىدۇ.

نامى تىلغا ئېلىنغان قارا سۇ رايونى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە بولۇپ، ماتېرىياللاردا بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەر توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلىدۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ئەڭ مۇھىم تىجارەت رايونىنىڭ شىمالىنى - يەنى قارا سۇ ۋادىسىنى ئۇيغۇرلار قوللىرىدا تۇتاتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىرنەچچە قەبىلىلىرى ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ بىردىن رەئىسلىرى بار ئىدى. بۇنىڭدىن بۇ رايونلاردا توققۇز تاتارلار بىلەن باراۋەر كۈچلۈك ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭمۇ يانمۇ-يان ئولتۇراقلاشقانلىقى مەلۇم. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارمۇ تاتار نامى بىلەن ئاتالغانىدى (ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى 12 - توم بىرىنچى قىسىم)». مەن «تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر» دېگەن نۇقتىدا، خەنزۇچە «توكيانۇس» تىن بىر مەنبە كۆرسەتكەن ئىدىم. ئۇنىڭدا: تاتارلار تاڭ دەۋرىدىكى يازما ماتېرىياللاردا كۆكتۈرك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بىر قەبىلە دەپ خاتىرىلەنگەن، كۆكتۈركلەر ئاجىزلاشقاندىن كېيىن تاتارلار ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ قەبىلىگە ئايلانغان، ئىككى سۇڭ، لياۋ ۋە جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تاتارلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن باشقا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى قارا تاتارلار، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ۋاڭ گۇ (ئۆڭگۈت) قەبىلىلىرى ئاق تاتارلار دەپ ئاتالدى...» دېيىلگەن. يۇقىرىقى ئىككى مەنبەدىن ئىزدىنىپ كۆرەيلى. ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى بەرگەن مەلۇماتتا: «ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارمۇ تاتار نامى بىلەن ئاتالغانىدى» دېيىلسە، خەنزۇچە «توكيانۇس» تا: «ئىككى سۇڭ، لياۋ ۋە جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تاتارلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن باشقا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى قارا تاتارلار، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ۋاڭ گۇ(ئۆڭگۈت) قەبىلىلىرى ئاق تاتارلار دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. بىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى «تاتار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقى سۆزلەنسە، يەنە بىرىدە، تاتارلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن باشقا موڭغۇل قەبىلىرىنىڭ قارا تاتارلار، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆڭگۈت قەبىلىرىنىڭ ئاق تاتارلار دېيىلگەنلىكى سۆزلەنگەن. بۇ يەردە ئازا دىققەتنى تارتىدىغان تەرەپ «تاتارلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن باشقا...» دېگەن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتا بىزگە «قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى قارا تاتارلار، قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆڭگۈت قەبىلىلىرى ئاق تاتارلار دەپ ئاتىلىۋاتقان مەزگىلدە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردىمۇ «تاتار» نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان قەبىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنداقتا بىز سۆزلەۋاتقان «تاتار قەبىلىسى» بىلەن «ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇرلارمۇ تاتار نامى بىلەن ئاتالغانىدى» دېگەن نۇقتىلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارمۇ-يوق؟ بۇنىڭدىن باشقا «كۆكتۈركلەر ئاجىزلاش-

قالدىن كېيىن، تاتارلار ئاستا-ئاستا كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلاندى» دېگەن نۇقتىنى كۆرۈپ باقايلى. ھەممىمىزگە مەلۇم مىلادى 552- يىللاردىن 742- يىللارغىچە كۆك تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كۆكتۈركلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن مىلادى 744- يىللاردىن 840- يىلغىچە ئۇيغۇرلار باش كۆتەرگەن ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. خەنزۇچە «ئوكيانۇس» تا: «كۆكتۈركلەر ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، تاتارلار ئاستا-ئاستا كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلانغان» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، كۆكتۈركلەر ھاكىمىيىتى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى ۋە كۆكتۈركلەر ئاجىزلاشقاندىن كېيىن تاتارلارنىڭ ئاستا-ئاستا كۈچلۈك قەبىلىگە ئايلىنىشىنىڭ سەۋەبى بىرمۇ ياكى بۇنىڭدىن باشقىچىمۇ؟ بۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

چۇغاي تاتارلىرى توغرۇلۇق مەن چۆل تۈركلىرى ھەققىدە توختالغاندا، چۆل تۈركلىرىنىڭ «چۆل تۈركلىرى» دەپ ئاتىلىشى، كېلىپ چىقىشى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قەۋملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم چۇغايغا بېرىپ ئورۇنلىشىشى توغرىسىدىكى جەريانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدىم. چۆل تۈركلىرى مىلادى 808- يىلى چۇغايغا بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن «ئۆنگۈتلەر» ياكى ئاق تاتارلار دەپ ئاتالدى. مىلادى 907- يىلغا كەلگەندە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا قىتانلار لياۋ سۇلالىسىنى قۇردى. ئاق تاتارلار لياۋ سۇلالىسىغا بېقىنىپ قالدى. بۇ جەرياندا ئاق تاتارلار لياۋ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيانلاردا بولدى. مىلادى 1125- يىلغا كەلگەندە لياۋ سۇلالىسى جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئاق تاتارلار جىن سۇلالىسىغا بېقىندى ۋە جىن سۇلالىسى تەرىپىدىن چېگرا ساقلاشقا ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن 13- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر جىن سۇلالىسىنىڭ چېگرا قاراۋۇللۇقىنى قىلدى. ئاق تاتارلار چېگرا ساقلاش سەۋەبىدىن ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئولتۇرغاچقا، خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خېلى قوبۇل قىلدى. يۇقىرىدا چۇغاي تاتارلىرى توغرىسىدا توختالدىم. تۆۋەندە ئالاشەن ۋە ئالاشەن تاتارلىرى توغرىسىدا توختىلىمەن.

ئالاشەن قەدىمكى يەر نامى، ئۇ بەرنىڭ دائىرىسى شەرقتە سۈيۈەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ مەركىزى كۆكخوت شەھىرى) گىچە، جەنۇبتا گەنسۇغىچە، شىمالدا تاشقى موڭغۇلغىچە، غەربتە ئېچىنا خوشۇنىغىچە بولغان كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جاي ھازىر ئىچكى موڭغۇلغا تەۋە بولۇپ، ئالاشەن ئوڭ خوشۇنى ۋە ئالاشەن سول خوشۇنى دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. مىلادى 924- يىلدىن 1132- يىلغىچە بۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان تاتارلار ئالاشەن تاتارلىرى دەپ ئاتالغان ئىدى. ئالاشەن تاتارلىرى توققۇز قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «توققۇز تاتار قەبىلىسى» بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ توققۇز تاتار قەبىلىسى قانداق قىلىپ جەنۇبتىكى

ئالاشەن رايونىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ قالدۇ؟ مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇر دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن «توققۇز تاتار» قەبىلىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرگە جەنۇبقا ـ ئالاشەن رايونىغا كېلىپ، تۇرپان رايونىغا يېقىن بولغان رايونغا يەرلەشكەندۇ ۋە «تو ـ ققۇز تاتار» قەبىلىسىدىن تەركىب تاپقان تاتار بەگلىكىنى قۇرىدۇ. بۇ بەگلىكنىڭ شۇ چاغدىكى ئاقساقىلى ئاھۇجىز (930 - يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن) ئىدى. ئالاشەن تا ـ تار بەگلىكىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر سەككىز قەبىلە تولۇلاۋ (都嘤嘤)، ماجباگۈز (孑阝‖家米)، ماۋنىۋي (女米)، ۋوباگىلانت (特粲苯卧)، تاجۇڭ (大山)، ۋۇتىمۇر (日地扌)، تايىۋي (达于)، ئەلى (扰利) لەردىن ئىبارەت. X ئەسىردە ئۆتكەن شىمالىي سۇڭلۇق مەشھۇر سەييياھ ۋاڭ يەندې مىلادى 981 - يىلى ئىدىقۇتقا قىلغان سەپىرىدە ئالاشەن تاتار بەگلىكىدىن ئۆتكەن، ئۇ ئۆز خاتىرىسىدە: «تاجۇڭ قەبىلىسى يېپەك رەختتىن كېيىم - كېچەك كىيىدىكەن، ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان جابدۇق ئىش ـ لىتىدىكەن، ئات سۆڭىكىدىن قىمىز ئىشلەيدىكەن، بۇنى ئىچكەن ئادەم خۇشكەيىپ بولى ـ دىكەن» دەپ يازغان. يۇقىرىدا ئالاشەن تاتارلىرى توغرىسىدا توختالدىم، تۆۋەندە شىمال تاتارلىرى توغرىسىدا توختىلىمەن.

شىمال تاتارلىرى 1) X ئەسىردە نامى تىلغا ئېلىنغان «ئورخۇن تاتارلىرى»، 2) چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادى بولغان شىمالدىكى ئېتىنداشى «قارا تاتارلار» ۋە 3) بۇيىر كۆلى تاتارلىرىدىن ئىبارەت.

1) ئورخۇن تاتارلىرى توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى مەلۇماتلار خەنزۇچە مەنبە ـ لەردە مىلادى 924 - يىلدىن ئېتىبارەن كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئورخۇن تاتارلىرىنىڭ رەئىسلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر مەركىزى ئوردۇبالىققا ۋە كۆكتۈرك قاغانى بىلگە قاغاننىڭ ئوردىسى بولغان يەرلەردە ئولتۇرغان. مىلادى 1069 - يىلى رەئىسلىرى تارخان (تارقان) ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغانىدى. لېكىن بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردا ئورخۇندا موڭغۇل قەبىلىلىرى ئولتۇرغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. دېمەك ئورخۇن تاتارلىرىنىڭ موڭغۇللار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

2) قارا تاتارلار چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادى بولۇپ ئونون، كېرولېن دەريالىرى ۋادىسىدا ياشىغان بۇ تاتارلار ناھايىتى ئېتىنداشى تۇرمۇش كەچۈرگەن. خەنزۇلارغا ناھايىتى يىراق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن IX - X ئەسىرلەردە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا قا ـ راتاتارلار توغرىسىدا ناھايىتى ئاز مەلۇماتلار بېرىلگەن. موڭغۇللارنى بىلدۈرگەن بۇ «قارا تاتار» ئاتالمىسى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش، خەنزۇلار ۋە موڭغۇل بولمىغان باشقا قەبىلىلەرنىڭ موڭغۇللارنى ئاق تاتارلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا قويۇلغان. ئەمەلى ـ يەتتە بولسا «قارا تاتارلار» نىڭ تاتار قەبىلىلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

3) بۇيىر كۆلى تاتارلىرى چىڭگىزخان دەۋرىگە ئائىت مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن تاتارلارنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ X ئەسىردە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇلار

ھەققىدە مەلۇمات بار. بۇ تاتارلار تارىخچى رەشىدىددىن تەرىپىدىنمۇ بىلىنگەن ۋە رەشىدىددىننى «تاتارلار موڭغۇللاردىن بۆلۈنۈپ چىققان» دېگەن خاتا كۆز قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇ بويىر كۆلى تاتارلىرى ئەمەلىيەتتە قارا تاتارلارغا تەۋە ئىدى. يۇقىرىدا ئۇرخۇن ۋە شىمال تاتارلىرى توغرىسىدا توختالدىم. تۆۋەندە ماھىيىتى ئېنىق بولمىغان تاتارلار توغرىسىدا توختىلىمەن.

ماھىيىتى ئېنىق بولمىغان تاتارلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تاتار دېگەن نامى تىلغا ئېلىنغان، ئەمما بۇ تاتارلارنىڭ چۇغاي تاتارلىرىمۇ، قاراسۇ تاتارلىرىمۇ، ئالاشەن تاتارلىرىمۇ، ئۇرخۇن ۋە شىمال تاتارلىرىمۇ ياكى قارا تاتارلارغىمۇ تەۋە ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىغان تاتارلارغا قارىتا ئېيتىلغان.

مەن يۇقىرىدا تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى، ئۇلارنىڭ كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا توختالدىم. قەدىمكى يۇرتلىرى ئۇرخۇن، چۇغاي، ئالاشەن، قاراسۇ رايونى، بارىكۆل، بەشبالىق ۋە ئالتۇن قۇم تېغى بولغان تاتارلار قانداق قىلىپ ئىدىل (ۋولگا) تەرەپلەرگە يەرلىشىپ قالدى؟ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە «بۈگۈنكى قازانلىقلارنىڭ (قازان تاتارلىرىنىڭ) مەنبەسى جەھەتتىن ئىدىل بۇلغارلىرىغا باغلىنىشلىق تارىخچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغانىدى. پەقەت غەربكە ئۇدۇل دائىمىي بىر كۆچۈش يولى ئۈستىدە بولغان قازان ئۆلكىسىگە، تارىخنىڭ ئۇزۇن دەۋرلىرىدە بىرقانچە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان نەسەبلەرمۇ كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى...» دېگەن مەلۇمات بار. مانا بۇ مەلۇمات تاتارلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە قازان تەرەپلەرگە كۆچۈپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا تاتارلار قازان تەرەپلەرگە قاچان كېلىشكە باشلىغان؟ بۇنى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. 1) يۇقىرىدا ئاق تاتارلارنىڭ چۆل تۈركلىرىگە باغلىنىدىغانلىقىنى ۋە چۆل تۈركلىرى كۆكتۈركلەر ھاكىمىيىتى ئاجىزلاشقان ۋاقىتتا ئۇرخۇن بويىلىرىدىن بارىكۆلنىڭ شەرقىگە، بەشبالىققا ۋە ئالتۇن قۇم تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقى سۆزلەنگەنىدى. مۇشۇ دەۋرلەردە چۆل تۈركلىرى ئىلى ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆل تەرەپلەرگىمۇ بېرىپ ئورۇنلاشقانلىقى مەلۇم. بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان چۆل تۈركلىرى يەتتىسۇ ئۆلكىسىدىن ئۆتۈپ، قازان تەرەپلەرگە بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، تاتارلارنىڭ قازان تەرەپلەرگە بارغىنى ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ VII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

2) تاتارلارنىڭ توپ ھالدا قازان تەرەپلەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىشى XIII ئەسىرلەرگە يەنى چىڭگىزخان ئىستىلاسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. «ئالتايلاردا ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە قەبىلىلەر» دېگەن كىتابتا: «غەربتىن (بارىكۆل، بەشبالىق ۋە ئالتۇن قۇم تېغى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) چىقىپ شەرققە، پۈتۈنلەي موڭغۇل يۇرتلىرىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا ئورۇنلاشقان چۆل تۈركلىرى جۇڭگو سۇلالىلىرى دەپ ھېسابلانغان بەزى دۆ-

لەتلەرنى قۇردى. «چۆل تۈركلىرى» نامى تارىختىن تامامەن قالغاندىن كېيىنمۇ بۇ رايونلاردا ياشىغان ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇزۇن زامان سىياسىي ئەھمىيەتلىرىنى يوقاتمىدى، ھەتتا «ئۆڭگۈتلەر» نامى بىلەن ئاتىلىپ، چىڭگىزخان دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يول باشلىغۇچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىگىلىرى بولدى» دېيىلگەن. دېمەك چىڭگىزخان يۈرۈش قىلغاندا تاتار قەبىلىلىرىمۇ بۇ يۈرۈشكە قاتناشقان ۋە چىڭگىزخان قوشۇنىغا يول باشلاپ، چىڭگىزخاننىڭ ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاتارلار قازان تەرەپلەرگە چىڭگىزخان ئىستىلاسى مەزگىلىدىمۇ كەلگەن.

يۇقىرىدا ئاق تاتارلارنىڭ ئۆڭگۈتلەر ئىكەنلىكى، ئۆڭگۈتلەرنىڭ چۆل تۈركلىرىگە باغلىنىدىغانلىقى، چۆل تۈركلىرىنىڭ غەربىي كۆكتۈركلەرگە باغلىنىدىغانلىقى ۋە غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ كۆكتۈركلەرگە باغلىنىدىغانلىقلىرى، «چۆل تۈركلىرى» دەپ ئاتالغان قەۋمنىڭ مىلادى 627 — 649 - يىللىرى ئالتۇن قۇم تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە، باركۆلنىڭ شەرقىدە ۋە بەشبالىق تەرەپلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى، چۆل تۈركلىرىنىڭ بۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋاقتىنىڭ تاكى مىلادى 808 - يىلىغا قەدەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلار بىلەن تاتارلارنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ قوشنا ئولتۇرغانلىقى، ئارىلىشىپ ئولتۇرغانلىقى ۋە بەزىدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تاتار نامى بىلەن ئاتالغانلىقى كۆرسىتىلدى. شۇنداق ئىكەن تاتارلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرى ئورخۇن بويلىرى يەنى كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يۇرتلىرى بولغان بولىدۇ. ئالتۇن قۇم تېغى، باركۆلنىڭ شەرقى ۋە بەشبالىق رايونلىرى تاتارلارنىڭ ئىككىنچى قەدىمكى يۇرتلىرى بولغان بولىدۇ. تاتارلار قازان تەرەپلەرگە ئۇزۇن، مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر نەچچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ كۆچۈپ بارىدۇ. ھازىرقى دەۋردە شىنجاڭدا ياشاۋاتقان تاتارلار مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ماتېرىياللاردا تاتارلار ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ۋە بازارلىرىغا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ۋە بازارلىرىغا، چۆچەك رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، سانجى ئوبلاستىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ۋە بازارلىرىغا، ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئوخشىمىغان ساندا تارقاق ياكى توپ ھالەتتە ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا ئاقسۇ رايونىدا «تاتار يېزىسى» دېيىلىدىغان بىر يېزىنىڭ بارلىقى شۇنداقلا تېمۇر دەۋرىدە تاتار نامى بىلەن ئاتالغان خەلقنىڭ ئاناتولى تەرەپتىن قەشقەر رايونىغا كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. شۇنداق ئىكەن ھازىرقى دەۋردە شىنجاڭدا ياشاۋاتقان تاتارلارنىمۇ قۇل ھالدا پەقەتلا XIX ئەسىردىن باشلاپ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى روسىيەدىن (كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن) كەلگەنلەر بىلەن چەكلەپ قويساق بولماس. بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئىنچىكىلىك، سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا شىنجاڭدىكى تاتارلارنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى خۇلاسىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلارغا قالدۇرىمىز.

# خوتەنلىك رەسسام، تەرجىمان ۋىيساكۇيجى ۋە سىكسانىئاندا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تارىخىي خاتىرىلەردە قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. خوتەن خەلقى مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، ساپالچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ناخشا-ئۇسسۇل، كەشتىچىلىك، ئۈزۈمچىلىك، تىبابەتچىلىك، مىلتىق دورىسى ياساش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى شۆھرەت قازانغان

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I، II ئەسىرلەردە بۇددا دىنى خوتەنگە تارقالغاندىن كېيىن، خوتەن دۇنيادىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغانىدى، مىلادى II، III ئەسىرلەردە بۇددا دىنى شىنجاڭ دائىرىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشقان بولسىمۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەم ئىچكىي قوشنا رايونلاردىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە خەلقلەر بۇددا دىنى مەدەنىيەت سەنئىتىدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. خوتەن بۇددىزمىنىڭ شۇ چاغدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەينى زاماندا خوتەنگە كېلىپ تەلىم ئالغان فاشيەن، سۇڭيۈن، شۈەنجاڭ، خۇيچاۋ ۋە رىماكوس قاتارلىقلار يازغان تارىخىي خاتىرىلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: «...قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ شەھىرى ئىچىدە 500 دىن ئارتۇق ئىبادەتخانا بولۇپ، دۆلەت ناھايىتى باي، ئادەملىرى باياشات ئىكەن. ئاۋام خەلق قانۇنغا (بۇددا قانۇنىغا) ئىتائەت قىلىدىكەن، قانۇن تەنتەنىسى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىكەن، مۇزىكا چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، تۈمەن مىڭ راھىبلىرى بار ئىكەن. ھىنايانا ئاساسلىق دىنى ئىكەن. دۆلەتتىكى ئائىلە بۇددىزمغا سادىق بولغاچقا ھەر بىر پۇقرانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كىچىك بۇددا مۇنارلىرى سېلىنغان، ئەڭ كىچىكىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى چاڭ كېلىدىكەن. راھىبلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىبادەتخانا «گۇماتى» بولۇپ، راھىبلىرى 800 دىن ئاشىدىكەن. ئۇلار ئىبادەتخانىغا تەرتىپلىك تىزىلىپ كىرىپ دىنىي مۇراسىم قائىدىسى بويىچە ئۈن-تىنسىز سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىكەن. 4- ئاي مەزگىلىدە دۆلەتتىكى 14 چوڭ ئىبادەتخانا دۇتاگۇيلار

بىلەن تىزىشىپ كېتىدىكەن. تۆپ چاسا شەكلىدە راھىبلار خانىسى بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن راھىبلارنى مۇشۇ خانىلارغا ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ئاشخانىغا كىرگەندە ئەدەب بىلەن ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئولتۇرىدىكەن. تاماق تىزىشقۇچىلار، غىزالانغۇچىلار ھەممە جىمجىت بولۇپ قاچا، قوشۇقلارنىڭ ئاۋازىنىمۇ چىقارمايدىكەن. غىزا يەپ بولغانلار ئۈن-تىن چىقارماستىن ئىشارەت بىلەن يەنە يەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. ئىبادەتخانىلاردىكى تىرىما خەت ۋە نەقىشلەرگە ئالتۇن كۈمۈشلەر يالىتىلغان، ناھايىتى كۆپلىگەن قىممەتلىك بويۇملار بىلەن جاھازلاندۇرۇلغان. تۈۋرۈك، ئىشىك-دېرىزىلەرگە بىر دەك ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ياتاقخانا ۋە باشقا ئۆيلەرمۇ كۆركەم زىننەتلەنگەن بولۇپ، چىرايلىق ماختاشقا لايىق ئىكەن...»①

خوتەن بۇددا مەدەنىيىتى ئازا گۈللەنگەن ۋاقىتلاردا ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ياقچا يېزىسىدىكى يوتقان بۇددا ئىبادەتخانىسى بىلەن سۆمىيا بۇددا ئىبادەتخانىسى، چىرىيە ناھىيە دامىكو يېزىسىدىكى ئۆيلۈك بۇددا ئىبادەتخانىسى، لوپ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قۇملىقىدىكى ئاق سىپىل ۋە راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى، خوتەن ناھىيە لاسكۈي يېزىسىدىكى بۆگەي ئۆيلۈك بۇددا ئىبادەتخانىسى، قارىقاش دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېگىزلىكىدىكى كوھمارىم بۇددا ئىبادەتخانىسى، خوتەن ناھىيە توسالا يېزىسىدىكى خال-خال ماچىن بۇددا ئىبادەتخانىسى، گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدىكى ئۈزۈن تاتى، كۆكچى، داكۇي... بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىق نۇرغۇن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ جايلاردا كۆپلىگەن راھىبلار ۋە پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىزلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىكسۇنلار ئوقۇغان، كېيىنچە خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شەرقىي جۇڭگو رايونلىرىغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ بېرىشى بىلەن بۇ جايلارغىمۇ بۇددا دىنى كەڭ تارقالغان، ھەمدە كۆپلىگەن خەنزۇ مۇرىتلار (جۇشىشىڭ، ۋېيىيدى، شۇمىنجۇاڭ، خۇيىجياۋ، فاشيەن، شۇنبۇ قاتارلىقلار) خوتەنگە كېلىپ بۇددا دىنىدىن تەلىم ئالغان. نەتىجىدە، ئەينى زاماندىكى خوتەن جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن كەلگەن راھىبلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى مەكتىپىگە ئايلانغان، زور تۈركۈمدىكى مۇتەپەككۇر، تەرجىمان، تەپسىرچى-دەرسكوي، رەسسام، ھەيكەلتىراش بىناكار، ئويمىچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇلار ھەتتا ھىندونوزىيە، چاۋشيەن ۋە ياپونىيىلەرگىچە تارقىلىپ، خوتەن بۇددا مەدەنىيەت-سەنئىتىنى تارقاتقان، شۇڭا بۇددا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئاسىيا ۋە شەرق ئەللىرىنىڭ بۇددا مەدەنىيەت مەركىزى خوتەننى ھەم بۇ جايدا يېتىشىپ چىققان ئالىم، ئۆلىما، مۇتەپەككۇرلارنى پەخىرلىك ھالدا تىلغا ئالىدۇ.

ئەنە شۇنداق ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئەينى زامان تارىخ شارائىتى ئاستىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ شەرق ئەللىرىگە تونۇلىشى ۋە خوتەندە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار

مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىياتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە (يەنى، ۋىيـسا خاندانلىق جەمەتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى ۋىيسا سۇرا ‹Visa Sura› مىلادى 967 ـ 977 ـ يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان› بىلەن ۋىيسادھارما ‹Visa Dharma› مىلادى 998 ـ ؟ يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان› نىڭ يۈسۈپ قادىرخان (亚素甫·喀德尔汗) باشچىلىقىدىكى قاراخانىلار سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن خوتەننىڭ غەربىي چېگرىسى يېڭىسارىدا قاتتىق ئېلىشىپ مەغلۇپ بولۇپ، ۋىيسا خانلىق دۆلىتىنىڭ سەلتەنەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىغانغا قەدەر) بولغان ئارىلىقتا خوتەن رايونىغا ئۈزلۈكسىز ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ۋىيسا خانلىق جەمەتىنىڭ② ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ھەم قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى قىزغىن قوللاپ، مەرىپەت ئىگىلىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يېتەرلىك شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىكى خوتەن رايونى توغرىسىدا يېزىلغان تارىخ ـ نامىلىرى بىلەن XVIII، XIX ئەسىرلەردىن باشلاپ خوتەن رايونىدا تۈرلۈكچە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەر قايسى ئەل تۈركشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر خاندانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخ سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەۋھەرلىرىنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى مىلادى 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى يۇقىرى مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.③ ۋىيسا خانلىق جەمەتى ئىچىدىكى بىر قىسىم سىياسىئونلار، ھەربىي مايىۇرلار ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە باي بولغان دىيانەتلىك ئەمەلدارلار جۇڭگونىڭ ھەر قايسى سۇلالىلىرىنى قۇرغان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشكەن بولسا، يەنە بىر قىسىم بۇددا راھىبلىرى، تەرجىمانلىرى بىلەن ھۈنەر ـ سەنئەت ماھىرلىرى ھەتتا ئائىلىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىگە غايەت زور ھەسسىلىرىنى قوشقان.

مەسىلەن: «ۋېي نامە تەيزۇ خاتىرىلىرى» (魏书太祖记) دە: «تىيەنشىڭنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادى 403 ـ يىلى) ۋىيسا ئۇرۇقىدىكى بىر تۈمەندىن كۆپ ئائىلىلىك ئۆز ئاقساقىلىنىڭ باشچىلىقىدا ئىچكى جايلارغا كېلىپ بوجۇڭدا (يەنى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرى ـ ئا) ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن بولسا، يۇقىرىقى كىتابنىڭ «ئەمەلدارلار جەمەتى تەپسىراتى» (官氏志) دا: «شىن يۈەن خان ۋاقتىدا ۋىيسا پەملىسىك نەچچە مىڭ ئائىلىكلەر سۇلالىمىزغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، ھەر تەرەپ ـ

تىن كەلگەن يات پەمىلىكەلەرنىڭ سۇلالىمىزغا قوشقان تۆھپىسى بولغاچقا، كېيىنكى ۋاقىتتا تەيزۇخان ئۇلارنى ئارقاق ئورۇنلاشتۇردى...» دېيىلگەن.

يەنە ياپونىيىلىك تارىخ پەنلەر ئالىمى سالى يۈەن شىزاڭ «سۈي تاڭ دەۋر-لىرىدە جۇڭگوغا كېلىپ كەتكەن غەربىي رايونلۇقلار ئۈستىدە تەتقىقات» (隋唐时代来中国的西域人) دېگەن ئەسىرىدە مىلادى III ئەسىردىن تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ھارپىرقى شەنشى، سەنشى، گەنسۇ ۋە ئوتتۇرا[1] جۇڭگو رايونلىرىنىڭ باشقا جايلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان غەربىي رايونلۇقلارنىڭ تەچچە تۈمەن ئائىلىكتىن ئاشىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شىگو (تاشكەنت)، ئەنگو (بۇخارا)، كاڭگو (سەمەرقەند)، ساۋگو (سەلىز)، ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلى (قەشقەر)، گۈزمو (ئاقسۇ)، كۈسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئۆمۈرغول (قۇمۇل) قاتارلىق دۆلەتلەردىن بارغان ئۇيغۇر (回纥) لارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شۇ قاتارىدا يەنە خوتەن (于阗) دۆلىتىدىن بارغان ۋېيسا پەمىلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئۇ-رۇقىدىن بولۇپ، ئۇلار جۇڭگونىڭ جەنۇب-شىمالىي سۇلالىلەر ۋاقتىدىن تارتىپلا ئوت-تۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق ئالاقىدا بولۇپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەل تۇتقانلاردىن باشقا يەنە تۈردا ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان-لارنىڭ سانى ھەممىدىن كۆپ ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي رايون تارىخىنى ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلغان مەرھۇم ئالىم شاڭدا XIX ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا يېزىپ قالدۇرغان «چاڭئەن ۋە غەربىي رايون مەدەنىيىتى» (向达《唐代长安与西域文明》) ناملىق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشىچە، سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە كونا پايتەخت لوياڭ شەھىرىدە ئورۇنلىرا-لاشقان ئۇيغۇرلار مىڭ ئائىلىكتىن ئاشقان بولسا، يېڭى پايتەخت چاڭئەن شەھىرىدە ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان. چاڭئەن شەھىرىنىڭ سۇگرىس مە-ھەللىسىدە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساپ ساتقۇچىلار، چاڭلو مەھەللىسىدە ھاراق ياساپ ساتقۇچىلار، غەربىي گۈزەل بازىرى يېنىدىكى بۇجېن، جاڭشىۋ مەھەللىلىرى بىلەن كەيىۋەن دەرۋازىسى يېنىدىكى پۇتىڭ مەھەللىسىدە دىنىي ئەھكاملارغا ماھىر بولغان داڭلىق موللىلار، مۇددەرىسلەر ۋە خانلىق ئىبادەتخانىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان دەرسكويلار ئورۇنلاشقان ئىدى، ۋېيسا جەمەتىدىن بولغان ھۆكۈ-مەت ئەمەلدارلىرى تىرلاراق غەربىي بازار، شىمالىي لىچۈن بازىرى ۋە چاڭشۇ، يوڭپىڭ مەھەللىلىرىدە ئورۇنلاشقان ئىدى، خوتەنلىكلەر ئىچىدە يەنە پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ مەلىكە ئىنئام قىلغان ۋېيسا ساماباۋا (尉迟跋), دەيزۇڭ پادىشاھ سانغۇتسۇق ئىنئام قىلغان ۋېيسا چىن (尉迟青)، ۋېيسا چۆمى (尉迟质那)، ۋېيسا ۋۆمى (尉迟乙僧)، ۋېيسا داھۇ (尉迟跋质那)، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان ۋېيسا گۇي (尉迟瑰) ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى تاڭ سۇلالى-

سىغا تەۋە ئوبلاست، ۋىلايەت، ئايماقلاردا خىلمۇ-خىل مەنسەپلەر بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارى سۈپىتىدە ئىش بېجىرىدىغانلارمۇ مىڭدىن ئاشقان ئىدى. بۇ چاغدا چاڭئەن-دە مىللەتلەر ۋە ئاھالىلەر كۆپەيگەچكە شەھەر ئىچى كوۋاتىر (مەھەللە) لەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ جايلاردا ئۇيغۇر ئاشپەزخانىلىرى، مەيخانىلىرى، دەڭلەر ۋە بەزمە قۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار ئىدى.

مىلادى 755-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت گېنېراللىرىدىن بولغان ئەنلۇشەن ([illegible]) بىلەن شى سىمىڭ ([illegible]) تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، لوياڭ، چاڭئەن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوتەن خانى ۋېيسا سامباۋا 5000 ئاتلىق خىللانغان چەۋەندازلىرىنى باشلاپ بېرىپ ئەنلۇشەن، شى سىمىڭ بىلەن بىر يىلدىن ئۇزاق ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ھالاكەتتىن قۇتقازغان، شۈەنزۇڭ خان بۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالىي ئۇنۋان، قىممەت باھالىق بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلاپ، مىڭغا يېقىن خوتەن سەركەردىلىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك سانغۇنلىرى قىلىپ چاڭئەندە ئېلىپ قالغان، خوتەن خانىنىڭ بۇ ياردىمىدىن كېيىن چاڭئەن بىلەن خوتەننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان.

«ئەللىك ئىدارە قىلىش ئەينەكلىرى» (资治通鉴) بىلەن «يېڭى تاڭنامە» ([illegible]) دىكى خوتەننىڭ ۋېيسا جەمەتلىرى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەرگە قارىغاندا، گاۋزۇڭ شاڭيۈەننىڭ ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 674-يىلى) خوتەن خانى ۋېيسا پۇتۇش-يوڭ ([illegible]) ئۆزىنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىنى تەبەئەلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دائىم چاڭئەندە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن. تاڭ سۇ-لالىسى خانى ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ ئون ئوبلاستنىڭ مەھكىمە ھوقۇقىنى ئۇلارغا بۆلۈشتۈرۈپ بەرگەن، بىر قىسىملىرى پايتەختتىكى قاراۋۇل قىسىم-لىرىغا ئەمەلدار بولغان.

شۈيخۇڭنىڭ 3-يىلى (مىلادى 680-يىلى) خوتەن خانى ئەلنەغمىچىلەر بىلەن تۆھپىكارلاردىن تەركىب تاپقان 500 كىشىلىك ئۆمەكنى باشلاپ چاڭئەنگە كېلىپ قىزغىن قارشى ئېلىنغان ھەم ئۈستۈنلۈك بەزمە بىلەن پايتەختتىكى ھەر ساھە ئەربابلىرىنى مەھلىيا قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئىنئام ۋە تارتۇقلارغا ئېرىشكەن، قايتىش ۋاقتىدا ئۇلاردا ۋەزىرلىرى بىلەن مۇزىكا مۇئەسسەسەدىكىلەرنىڭ تەلىپى بىلەن خېلى كۆپ سانىدىكى ئۇسسۇلچى-ئەلنەغمىچىلەر پايتەخت چاڭئەندە داكانلىشىپ قالغان. شۇنداق قىلىپ تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان غايەت زور ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان. شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن سۇڭ مىنچيۇ يازغان «چاڭئەن تەزكىرىسى» (宋敏求《长安志》) ناملىق 26 جىلدلىق

تەزكىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدىكى چاڭئەن شەھىرى پايتەخت سېپىلى، ئوردا سېپىلى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خانلىق ھەرەم سېپىلىدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەت سېپىل بىلەن قورشۇلۇپ، شەھەر ئىچىدە بۈيۈك تۇرنا راۋىقى (大雁塔)، تۇرنا راۋىقى (小雁塔)، شۈەنجۇاڭ ئىبادەتخانىسى (玄奘寺)④ غا ئوخشاش كۆپلىگەن ئىستىقامەت ئورۇنلىرى، بۇتخانىلار ۋە باشقا نۇرغۇن بۇددا ئىمارەتلىرى قەد كۆتەرگەن ئىدى.

بۇددا ئەقىدىسىگە لايىقلاشتۇرۇپ ياسالغان بۇ بىر قاتار كۆركەم ئىمارەتلەرنىڭ تام - تۈرۈس ۋە تۈۋرۈكلىرى پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىقى دائىرىسىدە لاھىيىلەنگەندىن تاشقىرى نەقىش بېزەكلىرى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە خوتەن قاشتېشى بىلەن چىقىرىلىپ، گويا ئەپسانىۋى ئەۋلىيالارنىڭ دەرگاھىدەك سەلتەنەتلىك تۈسكە كىرگەنىدى، شەھەر ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەت سورۇنلىرى ھېسابلانغان مەشھۇر ئىبادەتخانىلارنىڭ مۇددەرىسلىكىنى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن پايتەختكە كەلگەن ئۇيغۇر بۇددا ئۆلىمالىرى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا، ئىبادەتخانا ۋە شەھەر قۇرۇلۇشلىرىغا بۇددا رەسىملىرى سىزىشنى ئۇيغۇر رەسسامى ۋىسا ئىرساتكا (尉迟乙僧) ۋە ۋىسا باچنا (尉迟跋质那) غا ئوخشاش مەشھۇر رەسساملارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق خاتىرىلەر بار.⑤ لېكىن ئوتتۇرا ئۇزلەڭلىك ۋە پايتەخت لوياڭ، چاڭئەن شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار كېيىنكى زامانلاردا پەيدىنپەي يەرلىك مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن. رەسسام ھەم تەرجىمان ۋىسا كۈيچى بىلەن سىكسانئاندا ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

ۋىسا كۈيچى (尉迟乙僧-Visakuychi) مىلادى 598 — 682 - يىللار) مىلادى 598 - يىلى خوتەندىكى خان جەمەتى ۋىسا جىڭزۇڭ (尉迟敬宗) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرى خوتەن رايونىغا كۆپ ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى نەسلىدىن⑥ بولۇپ، ئەينى زامان دىنىي ماتارىپى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق تەرەققىيپەرۋەرلەردىن ئىدى. «سۇڭ سۇلالىسىدىكى ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى» (宋高僧传) نىڭ 4 - جىلدى بىلەن «بۇددا ئەجدادلىرىنىڭ ھەرقايسى سۇلالىلاردىكى ئومۇمىي خاتىرىسى» (佛祖历代通载) نىڭ 15 - جىلدىدا ۋىساكۈيچىنىڭ فامىلىسى ۋىسا ([illegible])، ئىسمى كۈيچى ([illegible])، تەخەللۇسى تاشقىن ([illegible])، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنۋۇنى قوغدىغۇچى ئوڭ قانات سانغۇنى ۋىساجىڭزۇڭنىڭ ئوغلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلامچى سانغۇنى ھەم خۇبىي ئۆلكىسىنىڭ ۋالىسى ۋىسا جىڭدې (尉迟敬德) نىڭ نەۋرىسى دەپ خاتىرىلەنگەن.

ۋىسا كۈيچى مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا خوتەندىكى بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ دىنىي ئاملىدىن تەلىم ئېلىشقا كىرىشكەن، ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە كەلگەندە نوم يادلاش، تەپسىر ئېيتىش ۋە ئىستىقامەتتە بولۇشنىڭ رەسىم - يوسۇنلىرىنى ئۆگەنگەن، دىنىي ئىلىمدە خېلى چوڭقۇر مەلۇماتقا ئىگە

كىشى دىنىي تەشۋىقات ئۈچۈن يەنە رەسسامىلىقنى ئۆگەنمەي بولمايتتى. شۇڭا ئۇ دىنىي ئىلىملەرنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەنلا قالماي، مەشھۇر بۇددا رەسساملىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن رەسىم سىزىشنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن.

مىلادى 615 - يىلى ئۇ بىر تۈركۈم خوتەن رەسساملىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا چاڭئەنگە (بۈگۈنكى شىئەنگە) كەلگەن. ئۇ دەسلەپ چاڭئەندىكى بەخت ئىبادەتخانىسىدا⑦ (弘福寺) ئۇنىڭدىن كېيىن شۈەنجۇڭسى⑧ (玄奘) ئىبادەتخانىسىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، بۇددا رەسسامچىلىقى ھەم نوم سۇتىرالارنى تەرجىمە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە بىر جەھەتتە خېلى شۆھرەت تېپىپ، پۈتۈن چاڭئەن شەھىرىگە تونۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن باش راھىب شۈەن جۇاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلۇغ مەرىپەت ئىبادەتخانىسى⑨ (大慈恩寺) غا يۆتكىلىپ بېرىپ 25 يېشىغىچە شۇ يەردە ئىشلەپ زور ئۇتۇقلارنى قازانغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىكى ئاب-رويى ئۇستۈن بولغاچقا، باش راھىب شۈەن جۇاڭ ئۇنى ئۆز ئوردىسىغا بىۋاسىتە تەكلىپ قىلىپ، بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشنى ئۆتۈنگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۈەن جۇاڭنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان. 28 يېشىدا «نوقۇل تونۇش نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانلار خاتىرىسى» (成唯识论述记) ناملىق دۇنيا قاراش ھەققىدىكى 20 جىلدلىق بۇددا كىتابىنى يېزىپ ھىنايانا (كىچىك كۆلەڭگە) مەزھىپى بىلەن باشقا ئېقىمدىكىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، فاشاڭزۇڭ مەزھىپىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسچىسى بولغان.

مىلادى 661 - يىلى ئۇ باش راھىب شۈەن جۇاڭ بىلەن بىرلىشىپ «بەس-مۇنازىرىنىڭ چېكى توغرىسىدا» (辩中边论)، «بەس-مۇنازىرە چېكى نەزەرىيىسىگە مەدھىيە» (辩中边论颂)، «غەيرى مەزھەپلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقى توغرىسىدا» (异部宗轮论)، «نوقۇل 20 تونۇش توغرىسىدا» (阿毗达磨界身足论)، «تەڭداشسىز قانۇننىڭ چەك-چېگرىسى ھەققىدە» (二十唯识论) قاتارلىق بۇددا دىنىي دۇنيا قارىشى ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرە بايان قىلىنغان كىتابلارنى سانسكرىت تىلىدىن بىۋاسىتە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىزاھلىق شەرھى بەرگەن.

«بۇددا ئەجدادلىرىنىڭ ھەرقايسى سۇلالىلاردىكى ئومۇمىي خاتىرىسى» (佛祖历代通载) ناملىق 22 جىلدلىق بۇددىزم تارىخىي كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، ۋېيچى كۈيجى ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ «تەڭداشسىز قانۇننىڭ چەك-چېگرىسى ھەققىدە» ناملىق كىتابقا ئىزاھات بېرىشتىن باشقا نۇرغۇن بۇددا كىتابلارنى يازغان. ئۇ يازغان «مۇرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدىكى باياننامە خاتىرىلىرى» (杂集论述记)، «سەۋەب نەتىجە بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا بايان» (因明入正理论疏)، «سىرلىق نىلۇپەر سۇتراسىغا مەدھىيە» (法华经玄赞)، «تەقىل-پاراسەتلىك ۋاجراپ-

راجنا سۇتراسى ھەققىدىكى تەپسىر» (金刚般若经会释)، «مايتىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەققىدىكى سۇترا» (弥勒上生疏经)، «بۇددا تەلىماتىدىكى پاك نومۇلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە بايانلىرى» (佛说无垢称经赞疏)، قاتارلىق بۇددا دىنىنىڭ سەۋەب نەتىجە ھەققىدىكى 14 قىسىم كىتابىنىڭ ئومۇمىي نامى «يۈز قىسىملىق بايانامە ئاساسى» (百部疏主) دەپ ئاتالغان. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئۇلۇغ مېھىر-شەپقەت ئىبادەتخانىسىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن تارىختىن بۇيان ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى «مېھىر-شەپقەتلىك ئۇلۇغ ئۇستاز» (慈恩大师) دەپ ئاتالغان. ئۇ بۈيۈك تۇرنا مۇنارى ئىبادەتخانىسى⑩ (大雁塔寺) دا تۇرغاندا خۇيجاۋ⑪ ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىدى.

ۋېيساكۇيجى يەنە مەشھۇر رەسسام ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى گۈزەل-سەنئەت تارىخچىسى جاڭ يەنيۈەن يازغان «ئۆتكەن سۇلالىلاردىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» (历代名画记) ناملىق ئەسەر بىلەن ئۇنىڭ راھىب شاگىرتى يەنزۇڭ يازغان «تاڭ سۇلالىسىدىكى مەشھۇر رەسساملار خاتىرىسى» (唐朝名画录) قاتارلىق كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ بۇددا رەسسىچىلىكىگە، بولۇپمۇ فاشاگزۇڭ مەزھىپىنى تەرغىپ قىلىدىغان بۇددا رەسىملىرىگە ناھايىتى كامىل بولغان. لى سەجىن يازغان «جەنگۈەن يىللىرىدىكى ئومۇمىي رەسساملار بىلەن خۇسۇسىي رەسساملار تارىخى» (李嗣真《贞观公私画史》) ناملىق كىتابقا قارىغاندا، ئۇ بۇددا دىنى فاشاگزۇڭ مەزھىپىنىڭ ئاساسىي بولغان Hetuvidya⑫ (因明-ۋەج) كۆز قارىشىنى مەدھىيىلەيدىغان بىر يۈرۈش بۇددا رەسىملىرىنى سىزغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىنىي قەھرىمانلارغا تەقلىد قىلىپ سىزغان «بۇددا ئىلاھى ئىندىرا» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ چاڭئەن تەۋەسىدىكى فاشاگزۇڭ مەزھىپى مۇرىتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ رەسىمدە خىلمۇ-خىل شەكىلگە ئۆزگىرەلەيدىغان قەھرىمان ئىلاھ ئىندىرا (Indra) نىڭ تۇرپىتى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چاچ رەڭ بىلەن سىزىلىپ، يۈز قىسمى قىزغۇچ رەڭ بىلەن بېزەلگەن. بۇددا كىتابلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئىندىرا ئەسلى ئۇرۇش مۇئەككىلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت دۈشمىنى بولغان ۋىرترا⑬ (vrtra) نى ئۆلتۈرۈپ، تاغ، دەريالارنى گۈزەل-ران قىلىش بىلەن بىللە ۋىرتراغا قاراشلىق 99 شەھەر قەلئەسىنى بۇزۇپ تاشلىغان. كېيىن ئۇ، قار-يامغۇر ئەۋلىياسىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن جەڭ ئىلاھىغا، ئاخىرىدا تەڭرىدىكى يوق قەھرىمانغا ئايلانغان.

ۋېيسا كۇيجى تەڭداشسىز جەڭ ئىلاھىنى فاشاگزۇڭ مەزھىپىگە سىمۋول قىلىش ئارقىلىق بۇ مەزھەپنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرويىنى كۆتەرگەن، نەتىجىدە چاڭئەندە بىر مەزگىل بۇددا دىنىنىڭ فاشاگزۇڭ مەزھىپى ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن.

مىلادى 630-يىلى ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىر ۋە سانغۇنلىرىدىن بولۇپ شۈەنلىڭ، دورۇيىسى، لى جىڭ، ۋېيسا زۇڭدى، چىن جىاۋجىڭ، ۋېي جېڭ قاتارلىق 18 ئادەمنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ ئۇنىڭغا «خاتىرلىق ئورۇندىكى 18 ئەمەلدار» دەپ ئىسىم

قويغان، جىڭگۇەننىڭ يەتتىنچى يىلى (مىلادى 643 - يىلى) يۇقىرىقى ئەمەلدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لى شىمىننىڭ قول ئاستىدىكى تۆھپىكارلارنى (بۇلارنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارمۇ بار) سىزىپ چىققان، ۋېيسا كۆيچەننىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرىنى سۇڭ دەۋرى كىشىلىرى تەقلىدى سىزىپ ساقلىغان بولسىمۇ، كېيىن يوقۇلۇپ كەتكەنلىكى مەلۇم.

«جىڭگۇەن يىللىرىدىكى ئومۇمىي رەسىملەر بىلەن خۇسۇسىي رەسىملەر تارىخى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ۋېيسا كۆيچەننىڭ «تاڭ تەيزۇڭنىڭ مەپىدە مىنگىشى» ناملىق تارىخىي خاراكتېرلىك ئەسىرى ئۆز ۋاقتىدا ئوردا ئىچى - سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. بۇ رەسىمدە جىڭگۇەن 15 - يىلى (مىلادى 641 - يىلى) تىبەت پادىشاھى سوڭزەنگامبو بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدا بولۇشقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقەلىك سۈرەتلەنگەن بولۇپ، تىبەت پادىشاھى ئەۋەتكەن ئەلچى لۇدۇڭزەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنچىڭ مەلىكىسىنى ئالغىلى كەلگەندە ئۇنىڭ تەختەيزۇڭ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. رەسىمدە تاڭ تەيزۇڭ (لى شىمىن) نىڭ مەپىسىگە ئولتۇرۇپ ماڭغانلىقى، ئۇنىڭ ئالدىدا تىبەت ئەلچىسى لۇدۇڭزەننىڭ كېلىۋاتقانلىقى ۋە بىر قانچە ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ ئۇلارنى چۆرىدىگەن ھالدا تۇرۇشقانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىزمۇمەن، تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان رەسساملىق تارىخىدا ئاتىق ئەسەرلەردىن ۋېيسا كۆيچەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مەشھۇر رەسسام ئاتالغانلىقىمۇ ۋە جىڭگۇەننىڭ تاڭ دەۋرىدىكى رەسساملىق تارىخىغا غايەت زور تۆھپە قوشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

× × ×

سىكسانانتدا (Siksananda مىلادى 652 - 710 يىلار) مىلادى 652 - يىلى خوتەندە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرى بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرى ھەم ماھىر بۇددا رەسساملاردىن ئىدى. مىلادى 988 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن قىڭ چى يازغان «بۈيۈك سۇڭ دەۋرىدىكى ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى» (赞宁《大宋高僧传》) ناملىق 30 بابلىق ئەسەرنىڭ 20 - جىلدىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، سىكسانانتدا كىچىك ۋاقتىدىلا رەسساملىققا ئىشتىياق باغلاپ، دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن، ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن بۇددىزمىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلەمگە) مەزھىپىگە كۈچلۈك ئەقىدە باغلىغان بولۇپ، بالاغەتكە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، نەچچە مىڭ جىلد نوم - سۇترالارنى ئوقۇپ تەپسىر ئىبتالايدىغان بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇنى ئەينى زاماندىكى يەرلىك تىللارغا بىمالال تەرجىمە قىلالايدىغان بولغان. نەتىجىدە خوتەندىكى بۇددا دىنى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئىشەنچ قامەت دەرگاھى ھېسابلانغان گومانتى ئىبادەتخانىسىنىڭ تەرجىمانى ھەم داڭلىق رەسسامى بولۇپ قالغان. كېيىنچە ئۇ كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ ھەرقايسى ئىبادەتخانا ۋە مىڭ ئۆيلەرگە تۈرلۈك بۇددا رەسىملىرىنى سىزغان، مانا شۇ مەزگىللە

لەردە ئۇنىڭ داڭقى غەربىي رايوندىن ھالقىپ تاكى چاڭئەن-لوياڭلارغىچە يېيىلىپ بارغان.

تاڭ سۇلالىسى كەييۈەننىڭ 18-يىلى (مىلادى 730-يىلى) جۈشىڭ تەرىپىدىن يېزىلغان «كەييۈەن يىللىرىدا ئىزاھلانغان ئوقۇتۇش خاتىرىلىرى» («开元释教录» 智升) ناملىق 20 جىلدلىق بۇددا نوم خاتىرىسىنىڭ 7-جىلدىدا كۆرسىتىلىشىچە، سىككساننانىدا خوتەنلىك تەرجىمان ۋە مەشھۇر رەسسام بولۇپ، ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى لوياڭغا يېيىلىپ كەلگەن بولغاچقا پادىشاھ ۋۇزېتيەن (مىلادى 690-705-يىللار تەختتە ئولتۇرغان) ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ لوياڭغا كېلىشىنى تەكلىپ قىلغان. بىر ۋاقىتتا ئۇ لوياڭغا « buddharatam Saamahavaipulyasutra » ناملىق سانسكرىت تىلىدىكى 60 جىلدلىق سۇترانى ئالغاچ كەلگەن.⑭ جىلىڭ شىڭنىڭ ئونىنچى يىلى (مىلادى 695-يىلى) ئۇ خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن يىرىقسىردىكى نومنى بۇددىخروس، يىجىڭ، سالى ۋە فازاڭ ⑮ قاتارلىقلار بىلەن بىللە داپيەن كوڭسى (大偏空寺) ئىبادەتخانىسىدا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. شىڭلىنىڭ 2-يىلى (مىلادى 699-يىلى) فوشوۋجىسى (佛授记寺) ئىبادەتخانىسىدا تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان. بۇ، خەنزۇ يېزىقىدا 80 جىلدتىن ئاشقان. كېيىن ئۇ ۋۇزېتيەننىڭ تەشەببۇسى بىلەن «لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇتراسى» (大乘入楞伽经) ۋە «مانجۇسىرى تاپشۇرغان خاتىرە نوملىرى» (文殊师利授记经) قاتارلىق 109 قىسىم، 107 جىلدلىق بۇددا كالامىنى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەم ئىزاھلىق شەرھى بەرگەن. شۇڭلاشقا كېيىن كىشىلەر ئۇنى «شەرھى ئۇستازى» (释师) دەپ ئاتاشقان.⑯

تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن گۈزەل سەنئەت تارىخچىسى جاڭيەنيۈەننىڭ كۆرسىتىشىچە، سىككساننانىدا تاڭ دەۋرىدىكى رەسساملىق ساھەسىدە تونۇلغان ئەرباب، ئۇ چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن بىر زامان تەرجىمانلىق قىلغان، كېيىن خوتەن ئۇسلۇبى بويىچە رەسىم سىزىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ «ئون ئىككى ئىلاھ»، «تۆت سامائۇى پادىشاھ»، «ئۇدۇل ئولتۇرغان بۇت»، «سامائۇى ئىلاھقا بالا تەقدىم قىلىش»، «ئالى راھىبلار»، «كۇسەن نەغمىچىلىرى»، «خوتەن راھىبلىرى» ۋە «ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش» قاتارلىق رەسىملىرى مەشھۇر سانالغان ئىدى. بۇ رەسىملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ راۋاق-تاملىرى ۋە ئىشىك-دېرىزە يېنىغا سىزىلغان.

تاڭ دەۋرىدىكى گۈزەل سەنئەت تارىخچىسى جاڭ يەنيۈەننىڭ «ئۆتكەن سۇلالىلاردىكى مەشھۇر رەسىملەر خاتىرىسى» (历代名画记) ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ دەۋرىدە لوياڭ، چاڭئەنلەردىكى مۇنار-ئىبادەتخانىلاردا خوتەنلىكلەر بىلەن كۇسەنلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەم رەسسام ھەم تەرجىمان بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى دىن تارقىتىپ ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن بولسا، يەنە بىر قىسىملىرىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ

ئەمەلدارلىرى تەكلىپ بىلەن كەلتۈرگەن. بۇنىڭغا تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن خوتەننىڭ ئاتا-بالا مەشھۇر رەسسام ۋېيچى بوساتىكا ۋە ۋېيچى ياجىنا قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. خوتەنلىكلەر بىلەن كۇچالىقلارنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى، رەڭ تەڭشەشلىرى ۋە بوياق بېرىش جەھەتتىكى ئېغىنكىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رەسساملار بىلەن بولغان پەرقى چوڭ ئىدى.

تۆۋەندە بىز تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان تارىخنامىلارغا ئاساسەن رەسسام سىكىماتاناندانىڭ بەزى مەشھۇر ئەسەرلىرى ھەم ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) «ئون ئىككى ئىلاھ سۈرىتى» بۇ رەسىمدە 12 بەيەر ھىندى راھىبلىرىنىڭ ئوبرازى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، سىكىماتاندا ئۇلارنى بۇددا ئەۋلىياسى ساكىامۇنىنىڭ ئەڭ يالىدۇرقى 12 شاگىرتىغا تەقلىد قىلىپ سىزغان. بۇددا نوملىرىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكىامۇنى يۇرت ئىچىدىن ئايرىلىپ يىراق تاغدىكى ئېنىچ غار ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ئىستىقامەت قىلىپ بۇددا ئايلانغان. كېيىن ئۇنىڭغا 12 ئادەم مۇرىت بولۇپ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇددا دىنى ھىندىستاندا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ 12 ئادەمنى ناھايىتى ئەقىللىق ھەم ئۇلۇغ كۆرۈپ «ئون ئىككى ئىلاھ» دەپ ئاتاشقان.

(2) «تۆت ساماۋى پادىشاھ». بۇ رەسىمدە تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە دەھشەتلىك كۆرۈنىدىغان تۆت ئادەمنىڭ سۈرىتى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار باشلىرىغا ئۇزۇن قالپاق، ئۇچىسىغا بىر قانچە قات ئۇزۇن كىيىم كەيگەن، قارا ساقاللىق، يۈزلىرى كەڭ ۋە تەلەتى دەھشەتلىك قىياپەتتە سۈرەتلەنگەن. بۇ بۇددا نوملىرىدىكى «تۆت ئالەم» نىڭ پادىشاھلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەر، سۇ، ئوت ۋە شامالغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ئالتۇن يارۇق سۇترىسى» (金光明最胜经) نىڭ 5-جىلدىدا كۆرسىتىلىشىچە، يەر، سۇ، ئوت ۋە شامال ئىنساننى پەيدا قىلغان. شۇڭا ئۇ بۇددا دىنىدا تۆت ئۇلۇغ ئىلاھ ياكى تۆت زات دەپ قارىلىدۇ. بۇ بۇددا پەلسەپىسىدىكى دۇنيا قاراشنىڭ تۈپ نېگىزى بولۇپ، ئۇ تاكى بۇددا رەسىمچىلىكىگىچە سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(3) «كۆسەن نەغمىچىلىرى». بۇ رەسىمدە كۆسەن نەغمىچىلىرىنىڭ چەت ئەلگە ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ھالىتى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىمدە 20 — 30 تۆگە قاتار ماڭغان بولۇپ، بۇ تۆگىلەرنىڭ ئۈستى-بېشى پۈتۈنلەي شايى-دۇردۇن بىلەن جابدۇلغان. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئىككى كىشىلىك كارۋاتقا ئوخشاش كەڭ تاختاي بېكىتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە بەش ئالتىدىن نەغمىچى سازەندىلەر ۋە ئۇسۇلچىلار ئولتۇرغان. ئۇلار قوللىرىدىكى ھەرخىل سازلارنى چېلىشىپ، يىراق-يىراقلارغا كۆز تىككەن ھالەتتە ناخشا ئېيتىشىپ كېتىپ بارغان. قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزى

لوياڭدىكى ئىبادەتخانىلار تاملىرىدا نامايەن بولغان بۇخىل ئوبرازلار، قەدىمكى كۇ-
سەن دۆلىتىنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ نام ئالغانلىقىنى ئوبرازلىق كۆرۈنۈش-
لەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال. بۇخىل رەسىملەر بىر
تەرەپتىن سىكسانئاتانىڭ ئانا يۇرتى ۋە كۇسەن نەغمىچىلىرىنى ياد ئەتكەنلىكىنى
كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سىزما سۈرەتچىلىك سەنئىتىدىكى زور مۇۋەپپەق-
قىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

(4) «خوتەن راھىبلىرى»، بۇ رەسىمدە بىر قانچە خوتەنلىك راھىبلارنىڭ ئوب-
رازى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار كەڭ ۋە ئۇزۇن يەكتەك تون، پۇتلىرىغا ھازىرقىغا
ئوخشاش ئۆتۈك كىيگەن، چىراي شەكىللىرى ۋە قىيىق قارا ساقاللىرى ھازىرقى
ياشانغان ئۇيغۇر بوۋايلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

(5) «ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش»، بۇ رەسىمدە ئۈچ تەرىپى گۈللۈك تام بىلەن
قورشالغان بىر كۆرۈنۈش كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سالاپەتلىك بىر كىشى-
نىڭ ئالدىدىكى ئادەملەرگە قاراپ سۆزلەۋاتقانلىقى، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇ سالاپەتلىك كىشىگە قارىشىپ تۇرغانلىقى كۆرسىتىلگەن. پە-
رەز قىلىنىشىچە سىكسانئاتاندا ۋۇزېتيەن ئوردىسىدا تۇرغان ۋە ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىشنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، شۇڭا ئۇ ئوردا ۋەزىرلىرىنىڭ مەلۇم جايدىن كەلگەن ئەل-
چىلەرنى كۈتۈۋالغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇۋاتقانلىق ھالىتىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ
سىزىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سىكسانئاتاندا ۋۇزېتيەننىڭ تەكلىپى بىلەن
لوياڭغا كەلگەن ۋە بىر زامان تەرجىمانلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتەنچە ئۇسلۇبتا رە-
سىم سىزىپ لوياڭدىكى كۆپلىگەن مۇنار، ئىبادەتخانىلاردا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن،
ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەشھۇر تەرجىمان، «شەرقىي ئۇستازى» ۋە رەسسام
سىكسانئاتاندانىڭ لوياڭدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يېزىلغان تارىخىي خاتىر-
لەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولغاچقا، پەقەت يۇقىرىدىكى بايانلاردىن باشقا مەلۇ-
ماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن ئۇنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى يەن - مەدەنىيەت ئۇچۇرىغا قوش-
قان تۆھپىسى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي رايون ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىل-
گىرى سۈرۈشتە ئوينىغان رولى كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ئىزاھات:

① «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1985-يىل 1-سان، 150-151-بەتلىرىدە كەلتۈرۈل-
گەن مەنبەلەردىن.

② ۋېيدا خانلىق جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ... ... مىلادى IX ئەسىرگىچە مولانى تارى-
لىقى ... ... «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقاتى» ( ژۇرنىلى 1993-يىل 2-سانىدىكى 121-128، 135، 130-بەتلەر )

[illegible] ٥٥٥ - يىلى [illegible] - [illegible]
[illegible]

③④⑤⑥ ٥٥٥ - يىللارنىڭ [illegible] (ئۇدۇن) [illegible]
[illegible] (小月氏) [illegible] (大月氏) [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] ⑦ - ⑪ [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] 1582 - [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] 丁令، 狄历، 铁勒، 高车، 回纥 [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] 69 - [illegible] 9 - [illegible]
[illegible] 72 - [illegible] 4 - [illegible]
[illegible] 88 - [illegible] 2 - [illegible]
2 - [illegible]
68 - [illegible] 5 - [illegible] (68 - [illegible] 12 - [illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible] (净土宗) [illegible]
[illegible]

⑦ [illegible] 414 - [illegible]
[illegible]

⑧ [illegible] 472 - [illegible]
[illegible]

⑨ [illegible]
[illegible] 668 - [illegible]

⑩ [illegible] 66 [illegible]

⑪ [illegible] (مىلادى 650 - 714 [illegible]) [illegible]
[illegible] 4 - [illegible]

⑫ Hetuvidya [illegible] Hetu [illegible]
vidya - [illegible]
[illegible]

⑬ [illegible]

⑭⑮⑯ [illegible] (宗教词典) [illegible] 501 - [illegible]

⑰ [illegible] (643 - 712) (法藏) [illegible] (华严宗) [illegible]
[illegible]
[illegible]

# جاڭجىجوڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئېلىپ بارغان تىنچلىق سۆھبىتى توغرىسىدا

لى شۇاڭ، جۇياڭگۇي، گاۋشىنشىڭ

جاڭجىجوڭ ئەپەندى — پارتىيىمىز بىلەن ئۇزۇن مۇددەت تارىخىي مۇناسىۋەت باغلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ يېقىن دوستى. ئۇ ھاياتىدا، دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن تۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. 1945-يىلى ئۆكتەبىردىن 1946-يىلى ئىيۇلغىچە بولغان مەزگىلدە، جاڭجىجوڭ ئەپەندى تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەقەسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، گومىنداڭ مىللەتچىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە مىللىي زۇلۇمى بولۇپمۇ شىڭشىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللەردە يولغا قويغان تەتۈر سىياسىتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىنتايىن زور نارازىلىقىنى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشىنى قوزغىدى. 1944-يىلى ئاندا-ساندا جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق كۈرەشلەر ئۇلغىيىپ، ئاخىرى پۈتۈن شىنجاڭغا ئىنقىلاب ئوتىنى تۇتاشتۇردى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلاب پارتلاپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەلق ئاممىسى گومىنداڭنىڭ شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنىنى يوقىتىپ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى ھەم ئەكسىيەتچىل شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمىيىتى خەۋپ ئۈستىدە قالدى.

شىنجاڭ يەنىلا ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقانىدى. ئەمما خەلقئارا ۋەزىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1945-يىلى 14-ئاۋغۇست، ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇ بىر كۈندە، «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» موسكۋادا ئىمزالاندى. بۇ شەرتنامىگە ۋە قوشۇمچە قى-

لىپ ئالماشتۇرۇلىدىغان ھۆججەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا: «شىنجاڭدا يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دوستلۇق-ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ 5-ماددىسىدا ئېيتىلغانىدەك، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىدۇ» غانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. (1945-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى «شىنخۇا گېزىتى» گە قاراڭلار.) ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى ئۈستىدە يالتا يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى ئاللىقاچان كېلىشىپ بولغان ھەمدە ئامېرىكىلىقلار ئىككى ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ، جياڭجيېشى بىلەن ستالىن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ بولغانىدى. بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قوراللىق كۈرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ھەم ياردىمىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلاب كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. لېكىن ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ھەمدە ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرا رايونلىرىنىڭ تىنچلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ھەم شۇنداقلا ئوتتۇرىچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بېقىنىدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى «جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىدا، شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا[1] چىقارغان باياناتىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ نىشانى ۋە ئۇسۇلىغا بېرىلگەن بېشارەت شۇنداقلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قىلىنغان شەرتلىك يول قويغانلىق دېيىشكە بولىدۇ. جياڭجيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە قوراللىق ئارىلاشماسلىق ۋەدىسىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، غەمدىن خالاس بولدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى شىنجاڭدا ماگدامدا بىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان سان بار ئىدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ 1945-يىلى 4-ئايدا ئېچىلغان پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا قىلغان سىياسىي دوكلاتىدا: «1944-يىلدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قوراللىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەلىرى» تۈگىمەيۋاتىدۇ دەپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنى قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى. («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم خەنزۇچە نەشرى 1084-بەت). ئىچكى ئۇرۇش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۆلەت ئىچىدە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 1945-يىلى ئاۋغۇستتا رەئىس ماۋزېدۇڭ ئابىرويلان بىلەن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭجيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تىنچ-

لىق بىلەن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي فاكتورىنى بېكىتىپ، گومىنداڭ بىلەن
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «تىنچلىق — دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇنى ئاساس قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش، مۇستەقىل، ئەركىن ۋە قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش»نى ئېلان
قىلدى. چۇڭچىڭ سۆھبىتى داۋامىدا ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىق يولداشلار شىنجاڭ
مەسىلىسىگىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، گومىنداڭنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى
بىلەن ھەل قىلىشقا ئۈندىدى.

مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تىنچلىق سادالىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا
جياڭجيېشى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە جاڭجىجوڭنى ئايروپى-
لان بىلەن دىخۇاغا ئەۋەتتى.

1945 - يىلى 13 - سېنتەبىر، جاڭجىجوڭ چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن دىخۇا-
غا بىرىنچى قېتىم كېلىپ ئەھۋاللارنى تەكشۈردى. جاڭجىجوڭ 14 - ئۆكتەبىر ئايرو-
پىلان بىلەن ئىككىنچى قېتىم دىخۇاغا كېلىپ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى
بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرىدىن رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇلخەير تۆرە،
ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن رەسمىي ھالدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈز-
دى. پۈتكۈل سۆھبەت ناھايىتى چىگىش بولۇپ، تالاش - تارتىش ئىنتايىن كەسكىن
بولدى. تالاش - تارتىشنىڭ تۈگۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش بىلەن قوشۇن-
نى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. بۇ سۆھبەت 1945 - يىلى
ئۆكتەبىردىن 1946 - يىلى ئىيۇنغىچە جەمئىي 8 ئاي ۋاقىت داۋام قىلدى، ئىلگىرى-
كېيىن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەت 1945-
يىلى 17 - ئۆكتەبىردىن 1946 - يىلى 2 - يانۋارغىچە ئىككى يېرىم ئاي داۋاملاشتى.
سۆھبەت ئارقىلىق ئىككى تەرەپ «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغى-
لاڭچى رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بى-
لەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پۈتۈم» ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەپ چىقىش
توغرىسىدىكى «قوشۇمچە ھۆججەت (1)»نى رەسمىي ئىمزالىدى. ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۆھ-
بەتتە، ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلار ئۈستىدە توختىلىپ، 1946 - يىلى 5 - ئاپرېلدىن
باشلاپ 1946 - يىلى ئىيۇنغىچە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىپ، قوشۇننى ئۆزگەرتىپ تەش-
كىل قىلىش توغرىسىدىكى «قوشۇمچە ھۆججەت (2)» رەسمىي ئىمزالاندى. شۇنداق قى-
لىپ سۆھبەت ئىككى ئاي داۋام قىلىپ 9 قېتىم رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. غەي-
رىي رەسمىي سۆھبەتلەر قېتىم سانىنى ھېسابلىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ ئۆتكۈ-
زۈلدى. بۇ جەرياندا، سۆھبەت كۆپ قېتىم داۋالغۇپ، پارچىلىنىپ كېتىش ھالىتىگە چۈ-
شۈپ قالدى. سۆھبەت جەريانىدا جاڭجىجوڭ ئايروپىلان بىلەن تالاي قېتىم
چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭجيېشىدىن يوليورۇق سوراپ كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت

ۋەكىللىرىنىڭ ئىلىغا ئايروپىلان بىلەن ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ ۋەكىل-
لىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۋادا تۇرۇشلۇق باش
كونسۇلى پېۋشىپىۋ، ساۋابلۇۋنىڭ ئىككى ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق، ئىككى تە-
رەپ ئاخىرى «تىنچلىق شەرتنامىسىنىڭ بارلىق ماددىلىرى» نى ئىمزالىدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەقەسى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىندى، 1-ئىيۇل كۈنى شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. جاڭجىجۇڭنىڭ شۇ مەزگىل-
لەردە ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرىدىن، بەرگەن دوكلات ۋە يازغان ماقالىلىرىدىن ئۇنىڭ
ئۈچ ۋىلايەت ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانى-
دا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنى ئاپتور ئاساسلىقى
تۆۋەندە كۆرسىتىلگەنلەردىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

(1) جاڭجىجۇڭ دېموكراتىك مەيداندا تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى 100 يىللىق
تارىخى — مىللىي ئېزىش ۋە مىللىي ئېزىلىشكە قارشى تۇرغان تارىخ دەپ توغرا كۆر-
سىتىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ مىللىي ئېزىش سىياسىتىگە رەددىيە بېرىپ، شىنجاڭ مەسىلى-
سىنى ھەل قىلىشتا مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەپ، ئىككى
تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى ئورتاق بولغان سىياسىي ئاساسقا ئىگە قىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمە-
رانلىققا ۋە ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بېسىقتۇرۇشقا قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈ-
رىشى بولۇپ، بۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچى شىڭشىسەي، گومىنداڭ دائىرىلىرى-
نىڭ مىللىي ئېزىش سىياسىتىگە ۋە سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قارىتىلغانىدى.
بۇ كۈرەشنىڭ مەقسىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى
ياخشىلاپ، «مىللىي ئاپتونومىيە» نى ۋە «سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك» نى
ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلاشتىكى سەۋەبلەر ئۈس-
تىدە توختالغىنىدا، جاڭجىجۇڭ بۇنى چۈشەنگەنلىكىنى ھەم بۇ كۈرەشكە ھېسداش-
لىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭ خەلقى تارىختىن
بۇيان، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارنىڭ قاتتىق ئېزىشىگە ھەم ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىغا
يەتكىچە ئۇچراپ كەلگەن، چىڭ خانىدانلىقىدىن مىنگونىڭ يىللىرىغىچە تاكى شىڭشى-
سەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، بۇ جايدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ
سىياسىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن، شۇڭا شىنجاڭ خەلقى ئېزىلىش ۋە ئېكسپلا-
تاتسىيىگە چىداپ تۇرالماي، ئېزىلىشكە، ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى ھەر قېتىم كۈرەش
ئېلىپ بارغاندا، ھۆكۈمرانلار ھامان قورال كۈچى ئارقىلىق خەلقنى بېسىقتۇرغان، بېسىق-
تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئارقىدىنلا تېخىمۇ يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىپ خەلقنى
تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان. ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ھەددىدىن ئېشىپ
كەتكەندە، خەلق يەنە قوزغىلىپ قارشى تۇرغان. مۇشۇنداق كۆپ قېتىم تەكرارلىنىپ

توختىمىغانىدى. ماتا بۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىدۇر». («جاڭجىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 418-بەت) «ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي جەھەتتە، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەزەلدىن ھېچقانداق ئورۇندا ئىگە بولالمىدى، دېموكراتىك، ئەركىنلىك دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى، شۇڭا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرى بىلەن ئۆچمەنلىشىش ئەھۋالى شەكىللەندى» («جاڭجىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 418-بەت) شۇڭا «شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئويلىساق ئالدى بىلەن بۇرۇنقى پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئۇلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەر بولۇش ھوقۇقىنى بېرىش، ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرىشىمىز كېرەك» دېگەن. ئۇ سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلەك روھىنى بويىچە ئۇنىڭ ئاجىز مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش روھىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىدىيىۋى پرىنسىپىنى كۆپ قېتىم شەرھىلىگەنىدى. 1945-يىلى 3-دېكابىر، جاڭجىجۇڭ جۇڭشۇتىۋەن شىنجاڭ شۆبىسىدە ئوقۇۋاتقان بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا سۆز قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «ئۈچ مەسلەك مىللىي باراۋەرلىكنى، مىللەتلەر ئارىسىدا كەمسىتىش بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۈچ مەسلەكلىك مىللىي مەسلەك-مىللىي ئېزىلىش دېگەن نەرسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ھەممە ئادەم سىياسىي جەھەتتە باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەڭ باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە دېگەن بولمايدۇ، ئۈچ مەسلەك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، پۈتۈنلەي تەڭ باراۋەرلىك ئورنىتىلىپ، تىنچ بىللە ياشاش، ئۆزئارا ئىشىنىش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش بولىدۇ.» («شىنجاڭ گېزىتى» 1946-يىل 16-يانۋار) 1946-يىلى مارتتا، جاڭجىجۇڭ گومىنداڭنىڭ 6-نۆۋەتلىك 2-ئومۇمىي يىغىنىدا، شىنجاڭدا يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «دۆلەت مۇداپىئەسى، تاشقى ئالاقە، قەغەز پۇل ياساش، قاتناش، ئەدلىيە قاتارلىق بىرقانچە خىزمەتنى مەركىزىي كومىتېت بېجىرىشتىن باشقا قالغان يەرلىك ئاپتونومىيە، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەرلىكنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش كېرەك». («ئازادلىق گېزىتى» 1946-يىل 15-مارت). سۆھبەت داۋامىدا، جاڭجىجۇڭ ھەرقايسى ساھەلەرگە ئۆزىنىڭ مىللەتلەر ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش دېگەن ئىدىيىسىنى قايتا-قايتا شەرھىلەپ، جاھانگىرلارنىڭ ۋە تارىختىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەرانلارنىڭ خەلقنى قاتتىق ئەزگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك سالغان سىياسىتىگە قارشى تۇرىدىغانلىق پوزىتسىيىسىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدۈرگەنىدى. جاڭجىجۇڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى پرىنسىپى-ئۈچ

ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىدى، ئىككى تەرەپ ئاندىن سۆھبەتنىڭ سىياسىي ئاساسىنى ھازىرلاپ، شۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۇسلۇبىدا، چوڭ ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىپ، كىچىك پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، «11 ماددىلىق تىنچلىق شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى.

(2) ئىچكى جەھەتتە تىنچلىقنى كاپالەتلىك قىلىش، سىرتقا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىياسەتنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئاساسى قىلىشنى قارار قىلىپ، شۇ ئارقىلىق سوۋېت تەرەپنى ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرغۇچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش فاڭجېنىنى توغرا بېكىتتى.

جاڭجىجوڭ بىر سىياسەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ باشلىنىشىدا، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن ھەم شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەزەلدىنلا تارىخ، جۇغراپىيە، مىللەت، ئىقتىساد قاتارلىق تەرەپلەردە يېقىن ئالاقىسى بارلىقىنى تەھلىل قىلىپ چىققان. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن، جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ئالساق چېگرىداش قوشنا كېلىدۇ، مىللەتلەرنى ئالساق، شىنجاڭدا بار ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىن قوشنا، بۇ مىللەتلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سودا ئالاقىسى بار، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەمىنلەيدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ بىلەن ئايرىلماس يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. جاڭجىجوڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان نىيىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇلارمۇ شىنجاڭدا سوۋېتكە قارشى تۇرىدىغان بىر خىل ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «شىنجاڭ ھەرگىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرماسلىقى، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك.» ئۇ يەنە «بىز چوقۇم سوۋېت بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتە بىخەتەرلىككە ئىگە قىلىش، مىللەتلەرنى ئىناقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە تەڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ئىككى تەرەپنى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك»، «بىز بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىساقلا ئاندىن شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز، ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي تىنچ بولۇ-

شىغا ھەققىي كاپىتالىزمنىڭ فىلالايىمز» دېگەن. (جاڭجىجۇڭنىڭ «ھەققىي جاۋابىم ۋە توغرا نەسىھىتىم» «شىنجاڭ گېزىتى» 1946-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سان) شۇ ئارقىلىق جاڭجىجۇڭ جۇڭگو بىلەن سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشنى قوللاپ، شىنجاڭدا سوۋېت بىلەن يېقىنلىشىش سىياسىتىنى تۇرغۇزغان.

يۇقىرىقىدەك تونۇش ئاساسىدا، جاڭجىجۇڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى يەنە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىككى ئوتتۇرىدا مېڭىپ يارىشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش كېرەك. شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن باشقا ھېچقانداق يول يوق دەپ كۆرسەتكەنىدى. جاڭجىجۇڭ تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ شىنجاڭغا قارىتا يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت خاتالىقلىرىنى ھەم شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتلەرنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېگەن: «تارىختا ئۆتكەن سۇلالىلار مەركىزىنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر خىل خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، يەنى شىنجاڭدا توپىلاڭ قوزغالغاندا، ئەسكەر چىقىرىپ شىنجاڭغا جازا يۈرۈش قىلىشتىن باشقا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق چىقىش يولى يوق ئىدى؛ جازا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ھەربىي جەھەتتىن كونتروللۇقنى، سىياسىي جەھەتتىن ئېزىشنى يولغا قوياتتى، بۇ خىل سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت ئەڭ ئۇزۇن دېگەندە بىر مەزگىل تىنچ بولۇپ قالاتتى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا توپىلاڭ يەنە قايتا كۆتۈرۈلەتتى» «شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي تىنچ بولۇشىنىڭ ئىستىقبالىنى ساقلاش ئۈچۈن، يەنە شۇنداقلا شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا ئەبەدىي تىنچلىق، ئەركىنلىك، بەخت يارىتىشنىڭ يولىنى سېلىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆتكەندىكى تەكشۈرۈشلىرىمىزگە ئاساسەن، ئۇ ۋاقىتتىكى خاتالىقلارنىڭ ھازىر قايتا يۈز بېرىپ قېلىشىنى ساقلىنىش ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر لايىھىنى بېكىتىپ چىقىشى كېرەك» دېگەن. (جاڭجىجۇڭنىڭ «شىنجاڭغا نىسبەتەن دۆلەتتە بىرلىشىشتا تېگىشلىك قاراش» 1945-يىل 12-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە قارالسۇن).
«بۇ مۇۋاپىق لايىھە دەل خەلققە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرىش، چېگرا رايونىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، ئۇلارنى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ئۆزلىرىنى تەرەققىي تاپقۇزۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىرلىكى — ۋەقەنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچىنى قىلىش كېرەك» دېگەن. (1945-يىل 20-ئۆكتەبىر «مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن توپىلاڭنى ھەل قىلىش لايىھەسى»، «جاڭجىجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 426-بەتكە قارالسۇن). بۇلاردىن جاڭجىجۇڭنىڭ يولغا قويغان تىنچلىق سىياسىتى - تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمران سىنىپلار يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىزچىل سىياسەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جاڭجىجۇڭ

شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىش چارىسىنى ۋاقىتلىق تەدبىر دەپ قارىمىغان، ئۇ بۇ تىنچلىق سۆھبىتىنى بىر باشلىنىش قىلىپ، شىنجاڭنى تەبەدىي تىنچلاندۇرىدىغان بىر يولنى تاپماقچى بولغان. بۇ گەرچە شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئىش بولسىمۇ لېكىن جاڭجىجوڭنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىدىيە ۋە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى سۆھبەتكە تەييارلىق كۆرۈش باسقۇچىدىن تاكى سۆھبەت رەسمىي باشلانغانغا قەدەر ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاسىتىچى بولدى. 1945 - يىلى 14 - سېنتەبىر، جاڭجىجوڭ ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا كېلىپ شىنجاڭدىكى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېۋ بىلەن كۆرۈشكەن، مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن پىكىر ئالغان. يېۋسېيېۋ «جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بۇ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇنىڭغا ئارىلىشىشى قولايسىز دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەن، ئەمما شەخسەن ئۆزەم مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى ئەلا تەدبىر دەپ قارايمەن دېگەن. جاڭجىجوڭ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قوللايدىغانلىقىنى ھەم يېۋسېيېۋنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرغۇچى بولۇشىنى، ئالدى بىلەن غۇلجا تەرەپ ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىشىنى، شۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپ ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يېۋسېيېۋمۇ گومىنداڭنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا يول ئېچىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئويناشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە جاڭجىجوڭغا دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق سوۋېت ھۆكۈمىتىگە بۇ ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. جاڭجىجوڭ دەرھال بۇ تەكلىپ بويىچە ئىش كۆردى. ئەلۋەتتە بۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىردەك ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپ سۆھبەتنى باشلاشتىن بۇرۇنلا گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاللىبۇرۇن چۇڭچىڭلىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزگەن ھەمدە «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى» نى ئىمزالىغانىدى. مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى خەلقلەر تىنچلىق، دېموكراتىيە يولغا قويۇلغان ۋەزىيەتنى بىردەك تەلەپ قىلىۋاتقانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ كۈرەش ئىستراتېگىيىسىگە مۇھىم زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابىي خەلقلەرنىڭ قوراللىق كۈرىشى شىددەت بىلەن ئۆلغىيىپ، گو

مىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلغان. ئۇلار شۇ ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونىنى مەجبۇرى ئېتىراپ قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىنىڭ ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيىتىنى قوغدىدى ھەمدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق دېموكراتىك سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ۋە بىرلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش مەقسىتىگە يەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچ يول بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئارزۇسى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈلگەن ئىدى.

جاڭ جىجۇڭ 16 - سېنتەبىر ئايروپىلان بىلەن چۆچەككە قايتىپ بېرىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پېتروۋ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بىر «مېموراندۇم» تاپشۇردى. «مېموراندۇم» دا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىشىچە، بىرنەچچە ئازسانلىق مىللەت ئادەملىرى ئۆزلىرىنى شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ بۇ كونسۇلغا، روسىيىلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستىچى بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى كېلىشتۈرگۈچى بولسا دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ؛ قوزغىلاڭچىلاردا جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىدىغان ئوي يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدا، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان جايلاردا، مەسىلەن، غۇلجا، تارباغاتاي (چۆچەك)، ئالتاي ۋە قەشقەر رايونلىرىدا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ۋەكىللەر ئۆتمۈشتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېزىپ كەلگەنلىكىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا چېگرىداش رايونلىرىنىڭ ئامانلىقى بىلەن تەرتىپىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭدا كېلىپ چىققان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى خالىسا، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئىمكانىيىتى بولغان ياردەملەرنى بېرىشكە تەييارلىمەكچى». (بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» خەنزۇچە نەشرى 286 - ، 287 - بەتلەر)

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جياڭجيېشىدىن يولىيورۇق سورىغاندىن كېيىن دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا تىلېگرا-

ىما يوللاپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ دىخۇاغا كېلىپ، جاڭ مىنىستىر بىلەن سۆھبەتلىشىپ بېرىشنى ۋاكالىتەن ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتقان. بۇ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنىڭ جاۋابى قىلغان. بۇ جەرياندا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپمۇ سۆھبەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان، بۇ چاغدا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان ئارمىيىگە ئۆز ئورنىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى، يېڭىدىن ھۇجۇمغا ئۆتمىدى، جۇڭنۇبىي سەپتىكى قىسىملارغا چېكىنىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلسەكى، 14 - ئۆكتەبىر، جاڭ جىجۇڭ چۆچەكتىن دىخۇاغا ئايروپىلان بىلەن يېتىپ كەلدى، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ئۇلاردىن ئىككى كۈن بۇرۇن دىخۇاغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ يولى ئېچىلدى.

سۆھبەت 1945 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر رەسمىي باشلاندى. ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىدا پەرق بەك چوڭ بولغانلىقتىن، تالاش - تارتىش ئىنتايىن كەسكىن بولدى، تالاي قېتىم تىركىشىپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېۋ، ساۋېلوۋ ئىككى ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرۈشى ئارقىلىق ئىككى تەرەپ ئاندىن بەزىبىر ئاچقۇچلۇق نۇقتىلاردا پىكىر بىرلىكىنى ھاسىل قىلدى. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتى مەسىلىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش قاتارلىق مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئورتاق كېلىشىم ھاسىل قىلدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ مەيلى سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلاردا بولسۇن ياكى شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بىر قانچە يىل ئىچىدە بولسۇن، سوۋېت تەرەپ بىلەن باشتىن - ئاخىرى ياخشى مۇناسىۋەت باغلاپ كەلدى. سوۋېت كونسۇلى ساۋېلوۋ، يېۋسېيېۋ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر شەخسىي دوستانە ئورناتتى، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز - ئارا قويۇق ئالاقە باغلاپ، باردى - كەلدى قىلدى، دائىم ئۇلار بىلەن بىللە زىياپەتكە، تانسىغا، كىنو كۆرۈشكە، مۇزىكا ئاڭلاشقا باراتتى. 1946 - يىلى ئىيۇندىن كېيىن، گومىنداڭ جىياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سىياسىتى شىنجاڭدا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشقا مۇمكىن بولماي قالدى. شىنجاڭدىكى دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ ۋاقىتسىز نابۇت بولدى. گەرچە شۇنداق بولغان بولسىمۇ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇقىم بولۇپ كەلدى، چوڭ قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەرمىدى. بۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۆتكەندە ئىجرا قىلغان سوۋېتكە يېقىنلىشىش سىياسىتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يوكسەك يىراقنى كۆرەلىگەن ئىگە سىياسەتچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(3) جاڭ جىجۇڭ سۆھبەتتە پىرىنسىپنى ئىگىلەپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز بولغان بارلىق تەلەپ ۋە سۆزلەرنى قەتئىي رەت قىلغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىدۇر. ۋاھالەنكى، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشىدا، ياخشى بىلەن يامانلار ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. 1944 - يىلى نويابىردا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلاڭچى ئارمىيىسى غۇلجىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرغاندا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئۈچ خىل تەركىپتىكى كىشىلەر قاتناشقانىدى، يەنى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدىكېرىم ئابباسوۋ ۋەكىللىك قىلىدىغان، باشلانغۇچ كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە بولغان ئىنقىلابىي دېموكراتچى كىشىلەر، ئەنۋەر مۇسابايوۋ بىلەن رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇرژۇئازىيە كۆز قارىشىدىكى كىشىلەر، يەنە، ئەلىخانتۆرە بىلەن ھاكىمبەگ خوجا قاتارلىق كىشىلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل فېئودال دىنىي تەبىقىدىكى كىشىلەر بار ئىدى. شۇڭا بۇ ھۆكۈمەت بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈدىغانلىقىنى جاكارلىسا يەنە بىر تەرەپتىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى. مانا بۇ ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەل - توكۇس ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك ئاساسىي ئېقىمى بار شۇنداقلا يەنە ۋەتەندىن ئايرىلىشتەك تار مىللەتچىلىكنىڭ خاتا كۆز قارىشى بار ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. 1945 - يىلى جاڭ جىجۇڭ دېخۇاغا يېتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى ئىككى كۈن ئىلگىرى دېخۇاغا يېتىپ كەلگەنىدى، ئۇ چاغدا، ئۇلار تۇگەل «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بەلگىنى تاقاپ يۈرگەن ھەمدە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى دېگەن نام بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ جىجۇڭ بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن 15 - ئۆكتەبىر دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېخۇادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسېيېۋ بىلەن سۆزلەشكەن ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قويغان بۇ تەلىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بەرگەن مېموراندۇمىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ جىددىي كۆرسەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ پەقەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى ئورنىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنىلا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن ھەمدە كونسۇل يېۋسېيېۋدىن ئۆزىنىڭ بۇ پىكىرىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇشـ

نى سۈردى. سوۋېت كونسۇلىنىڭ نەسىھەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ ۋەكىللىرى بۇرۇنقى پوزىتسىيىسىدىن ۋاز كەچكەن. سۆھبەت جەريانىدا ۋە سۆھبەتتىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئىمزالىغان ھۆججەتلەردە بىردەك «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى» ۋە «خەلق ۋەكىللىرى» دېگەن نامدا بولۇشقا قوشۇلغان. سۆھبەت ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ ئىش شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، جاڭجىجۇڭنىڭ سۆھبەت ئېلىپ بېرىشتا ئۆز ئالدىغا پىرىنسىپى بارلىقى، بۇ پىرىنسىپ بولسىمۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جاڭجىجۇڭ شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان «شەرقىي تۈركىستان» دېمىسىمىسكە كۆپ قېتىم قاتتىق رەددىيە بەرگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «شەرقىي تۈركىستان دېگەن بۇ ئىسىم، دۇنيادىكى تاجاۋۇزچى جاھانگىرلارنىڭ XIX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئېلىپ بارغان مۇستەملىكىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنىڭ مەھسۇلى. «شەرقىي تۈركىستان» غەربىي تۈركىستاننىڭ ماس ئاتىلىشى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقانچە دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، تۈركىستان زوڭدۇسىنى قۇرغاندىن كېيىن ئاندىن بارلىققا كەلگەن جۇغراپىيىنىڭ ئىسمى، كېيىن بۇ ئىسىم جاھانگىرلارنىڭ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىكى سۆز چۆچىكى بولۇپ قالدى» دېگەنىدى. ئۇ تارىخنى ئەسلەش ئارقىلىق شىنجاڭ ئىككى مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىلا جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. ئۇ «شىنجاڭ خەن ۋۇدى دەۋرىدە يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 146 - يىلى (2092 - يىلدىن بۇرۇنلا) جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى»، «جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىلا يەنى مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە شىنجاڭدا بۇددا دىنى قاتارلىق بىرقانچە دىنلار كەڭ تارقالغانىدى. مىللىي تەركىب ئىچىدە پارسلار ھىندىلار، خەنزۇلار، شەرق ئۇيغۇرلىرى بار ئىدى، بۇ پاكىتلار تارىخ ئارقىلىق ئىسپاتلانغان، شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي كەلگەن» تارىخ ۋە جۇغراپىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭدا بولسا پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىلا يېقىنقى مىڭ يىل ئىچىدە ئاندىن تۈركىي تىلى قوللىنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. مۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شىنجاڭنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا يەتمەيدۇ». ئۇ «ئەگەر جۇغراپىيىنىڭ جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ نامىنى ھەرقانداق ئىسىم بىلەن ئاتاشقا بولىدۇكى لېكىن جۇغراپىيىلىك ئىسمىنى سىياسىي ئىسىم قىلىپ، ئۇنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشنىڭ سۆز چۆچىكى قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئارا سىلىپ بىر - بىرىنى ئۈچ-

مەنىلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى قىزغىنچىلىق بىلەن ئىشتىرۋېتىشكە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك» دېگەن. (جاڭجىجۇڭ «مېنىڭ جاۋابىم ۋە جىددىي ئاگاھىم». 1946 - يىل 20 - نويابىر «شىنجاڭ گېزىتى») جاڭجىجۇڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلار ئارقىلىق شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئايرىلماس زېمىنى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭ ۋەتەندىن ھەرگىز ئايرىلىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىق توغرىسىدىكى داۋالارنى شەرھىلىگەن.

ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىك قىلغان باشلامچى كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە رەھبەرلەر ۋەتەن زېمىنىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، فېئودال، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدە تارقاتقان تۈرلۈك سەپسەتىلىرىگە قاتتىق رەددىيە بەردى. ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر تەركىبىي قىسمى؛ ئۈچ ۋىلايەت شىنجاڭنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى؛ ئىلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەركىبىي قىسمى»، «جۇڭگو مېنىڭ ۋەتىنىم، مېنىڭ يۇرتۇم، بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز ئازادلىق، ئەركىنلىككە ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت» شۇڭا ئۇلار ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ، پەيدىن - پەي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن دەرھال دەسلەپكى دەۋرلەردىكى خاتا خاھىشلارنى تۈزىتىشكە كىرىشتى. جاڭجىجۇڭنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت قەتئىي مەيدانىنىڭ تەسىرى بىلەن، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بايراق تىنچلىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈلۈشى بىلەنلا ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ئارقىسىدىلا ئاستا - ئاستا تاشلىنىپ قالدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، جاڭجىجۇڭ سۆھبەت جەريانىدا «مىللىي ئاپتونومىيە» «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»، «مىللىي مۇستەقىللىق» دېگەن سىياسىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىشتا ئىنتايىن سالماق بولدى. ئومۇمەن قارشى تەرەپ تىل ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن ياكى ئۇقۇم ئېنىق بولماي بۇ ئاتالغۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ قويغاندا، جاڭجىجۇڭ دەرھال شۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى سەمىمىي بايان قىلىپ، قارشى تەرەپتىكىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جاڭجىجۇڭنىڭ چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدىغان روشەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىنى ئىپادىلەيدۇ.

(4) جاڭجىجۇڭ كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، جاپادىن قاچماستىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىكنى تۈگىتىپ، سۆھبەتنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

جاڭجىزجۇڭ ئۆزى چوڭ خەنزۇچىلىقنى يۈرگۈزۈۋاتقان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويغان، سوۋېتكە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېتنى يېقىنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان، سىنىپىي زىددىيەتلەر ۋە مىللىي زىددىيەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئازارلىنىش ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، بىر تۈچۈم مىللەتچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالىمەتچىلىك كۆتۈرۈپ، ئەزۋەيلىمەي ھەركەت ئېلىپ باردى، قانداق قىلغاندا شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇۋاپىق، تولۇق ھەل قىلىش ھەم ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قارشى تۇرمايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشتا. جاڭجىزجۇڭ تارىخنىڭ قىسمەتلىك مىزانىدا تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇ يەنە نەمكىن بولۇپ، شەرق سىياسەتچىسىگە خاس بولغان كەڭ قورساقلىق بىلەن، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سۆھبەتنىڭ توختۇشلۇق بولۇشىنى قولغا كەلتۈردى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇزۇن مۇددەت مىللىي ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكتىن، سۆھبەت باشلىنىشنىڭ دەسلەپىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى جاڭجىزجۇڭغا نىسبەتەن ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇش، ھەم ئۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىش پوزىتسىيىسىدە بولغانىدى. شۇڭا جاڭجىزجۇڭ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى تەشۋىشتىن خالاس قىلدى. جاڭجىزجۇڭ 17-ئۆكتەبىر يەنى سۆھبەتنىڭ بىرىنچى كۈنى، تولۇپ-تاشقان چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېگەن: «جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتى خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇ، قاتارلىق بەش چوڭ مىللەت ۋە بىرقانچىلىغان ئازسانلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بىر دۆلەت. بۇ بىرقانچە مىللەتنىڭ ھەممىسى سۆيۈملۈك مىللەتلەر، ئۇلار خۇددى قېرىنداشلاردەك تەڭ باراۋەرلىك ئورنىدا ئىناق ياشىماقتا»، «بىز ھەر مىللەت خەلقى يېقىن قېرىنداشلارمىز. بۇ قېرىنداشلار جۇڭخۇا مىنگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنى شەكىللەندۈرگەن. بۈگۈنكى بۇ قېتىملىق يۈز كۆرۈشۈشىمىز خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر جايغا جەم بولغانلىق بولۇپ، بۇنىڭدىن كۆڭلىمىز ئەلۋەتتە چەكسىز خۇشال بولماقتا» («جاڭجىزجۇڭ ئەسلىمىلىرى» 423-بەت). جاڭجىزجۇڭنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان بۇ سۆزلىرى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش كەيپىياتىنى پەسەيتكەن.

شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بۇيان تۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە ئۆچمەنلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي قارشىلىق كەي-

ھاياتىنى تۈگەتمەش ئۈچۈن، جاڭجىجۇڭ بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئىككى تەـ
رەپنى ياراشتۇرۇش جەھەتلەردە تۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇ خەنزۇ قېرىنداشلارـ
غا مۇنداق دېگەن: «بىز ئۆتمۈشتىكى تارىختىن قارىغىنىمىزدا، شىنجاڭدىكى قېرىنداشـ
لار ھەقىقەتەن بەكمۇ قاتتىق زۇلۇم چەككەن، بەكمۇ قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتكە ئۇچـ
رىغان. شىنجاڭدا بۇرۇن ئەمەلىيەتتە خەنزۇلار مەسئۇل بولۇپ كەلگەن. شۇڭا ھۆكۈمـ
رانلار تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسا ھامان خەنزۇلارنىڭ
جىنايىتى دەپ قاراپ كەلگەن. شۇڭا ئۆتكەنكىدەك قان تۆكۈلىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھـ
ۋاللار ۋە بۈگۈنكى كۈندىكىدەك پاراكەندىچىلىكلەر ئۈزۈلۈكسىز بولۇپ تۇرغان. بۇ ئىككى
ئايدىن بۇيان يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرنى ئۆتكەنكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىـ
چىدىن چىققان مىللىي مۇناپىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، كۆپچىلىك بۇ جىنايەتنى
سەزمىگەن ھالدا ئارتىپ قويدى. شۇڭا ھەر مىللەت قېرىنداشلاردىن ئاغرىنغاندىن كۆرە
ئۆز مىللىتى ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلاردىن ئاغرىنىش، باشقا مىللەت قېرىنداشلارنى
خىجىل قىلغاندىن كۆرە، بۇنى ئۆز مىللىتىدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ خەلققە كەلتۈرـ
گەن زىيىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت» دەپ قاراش كېرەك. («پۈتۈن ئۆلكىدىكى
ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» 1946 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ
گېزىتى) دەپ كۆپچىلىككە تارىختىكى ئۇقۇشماسلىقلار ئارقىلىق مەسىلىلەرگە قاراش، مىللىي
تالاش ـ تارتىشلارنىڭ تۈپ مەنبەسىنى كۆرۈش، تارىختىن بۇيان شىنجاڭ خەلقىگە ئاـ
زاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن ھۆكۈمرانلارغا غەزەپلىنىش كېرەك. لېكىن كەڭ ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ بەرىبىر چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھەرىكەتلىرىنى چۈشىنىـ
شى ۋە ئۇنىڭغا يول قويۇشى كېرەك دېگەن. ئۇ يەنە ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلارـ
غا قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ، ئۆتمۈشتىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى خەنزۇلارنىڭ
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يۈز كېلەلمەيدىغان تۇرغۇن تەرەپلىرى بارلىقىنى،
ئاز ساندىكى خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدا تېرىغان جىنايى قىلمىشلىرىغا قارىتا، ھەرقايسى
ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىپ قارشى تۇرۇشى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيەت
ئېلىپ بېرىشى ھەقلىق دېگەن. جاڭجىجۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، كۆپ قېتىم
جىنايىتىگە كەچۈرۈم سورىغان يۈزىسىدە «مەن شىنجاڭنىڭ تارىختىكى خاتالىقلارنى
تۈزىتىش، تارىختىكى جىنايەتلەرنى يۇيۇش ئۈچۈن كەلدىم» دېگەن («شىنجاڭنىڭ
50 يىلى» بۇرھان شەھىدى، 316 ـ بەت) ھەم «بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق تارىختىكى
خاتالىقلارنى چوقۇم ھەممە جەھەتتىن تۈزىتىپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئەبەدىي تىنچلىقى
مىللەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشى، ئورتاق ياشاپ، ئورتاق گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس
سېلىش لازىم» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن (جاڭجىجۇڭ «پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىلـ
لەت قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» 1946 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست» شىنجاڭ گېزىتى)
جاڭجىجۇڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك

تۈزەشتىن ئىبارەت جاسارىتىنى نېمە دېگەن زور جاسارەت! لېكىن بۇنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس - تە!

ۋەزىيەتنىڭ تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزاققا سوزۇلغان تىنچلىق سۆھبىتىدە، جاڭجىجۇڭ ئىنتايىن چىدامچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىش كۆرگەن، قارشى تەرەپ ئۆزىنى باسالماي قالغان ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇ ھامان تەمكىن ھالدا مۇلايىملىق بىلەن جىددىي جاۋاپ بەرگەن ئۇ مۇشۇ سەۋەپتىن نەنجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاپا - تەنىسىگە ئۇچراپ تۇرغان، ئۇلار جاڭجىجۇڭنى «بەك ئاجىز»، «مۇشۇنداق كېتىۋەرسە شىنجاڭنى ئابوت قىلىۋېتىدۇ» دېگەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا تىنچلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قىلچە تەۋرەنمەي قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، بۇنى كەڭ قورساق ۋە قەتئىي ئىرادە بولغاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى.

سۆھبەت بىراقلا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. گەرچە ئىككى تەرەپ تىنچلىق سەممىيىتىنى ئىپادىلىگەن ھەم نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆز - ئارا يول قويغان بولسىمۇ لېكىن بەزىبىر كونكرېت مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قاراش، تەلەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زور بولغان. بەزى چاغلاردا بىر جۈملە سۆز ئۈستىدىمۇ كەسكىن مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرغان. بۇ خىلدىكى سۆھبەت تەرجىمان ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ھەر بىر قېتىملىق سۆھبەتنىڭ ۋاقتى تۆت سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلاتتى. بولۇپمۇ 1946 - يىلى 5 - ئاپرېل ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەتتە ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت بولغاندا سۆھبەتتە تېخىمۇ قايمۇقۇش بولۇپ، نۇرغۇن توسالغۇلارغا ئۇچرىغان. سۆھبەت قىيىن ئەھۋالدا داۋام قىلىنغان. 5 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە قەدەر يەنىلا ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل بولمىغان. ئەينى ۋاقىتتا ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىپ، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە ئىدى. ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق تەھدىتكە ئۇچرىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭجىجۇڭ ئىنتايىن ئازاپ، ئىت - ئىت ۋە غەم - ئەندىشە ئىچىدە قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ سۆھبەت ئۈستىلىدە يەنىلا تەمكىن بولۇپ، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سەممىي سۆزلەپ، داۋاملىق قىيىپ، باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، قاتماللىق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ساۋدىلىيۇفنىڭ يانىدىن چىقىپ ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئاخىرى 6 - ئىيۇل ئىككى تەرەپ قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ (2) نى رەسمىي ئىمزالىدى. پۈتكۈل سۆھبەت شۇنىڭ بىلەن غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە، جاڭجىجۇڭ كۆپ جاپا چېكىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ئۇ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن غايەت زور ئەجىر سىڭدۈردى.

ئىنچىلىق يولى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى شىنجاڭ تارىخىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىنچىلىق يۈتۈمىنىڭ ئىمزالىنىشى، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئۆز ئارا قارشىلىشىدەك ۋەزىيىتىنى يەسەيتتى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ تېنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى ياراتتى. مانا بۇمۇ جاڭجىجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسى نەتىجىسىدۇر. شىنجاڭدا ئىنچىلىق يۈتۈم ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جياڭ جيېشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. جاڭجىجۇڭ گەرچە شىنجاڭنىڭ تېنچلىق ۋەزىيىتىنى قوغداشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ لېكىن گومىنداڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەركىتىنى توسۇپ قېلىشقا ئۈنۈملۈك كۈچى يەتمەيتتى. 1946 - يىلى ئىيۇندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا بىر قانچە قېتىم قانلىق ۋەقەلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. 1947 - يىلى ئاۋغۇستتا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ غۇلجىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. شىنجاڭدىكى دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەمەلىيەتتە پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. لېكىن 1949 - يىلى سېنتەبىردە شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىلگىرى يۈتكۈل ۋەزىيەت يەنىلا مۇقىم بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدىكى جەڭ قالايمىقانچىلىقى يۈز بەرمىدى. خۇددى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى يۈتۈن مەملىكەتكە بەرگەن ئومۇمىي تىلگىرامىسىدا ئېيتىلغاندەك، شىنجاڭدا دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان ئۈچ يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ئۆز ۋەزىيىسىنى تولۇق ئورۇنلىيالمىغان بولسىمۇ لېكىن پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەمدە يېقىن قوشنا دوست دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، تېنچ ۋەزىيەتنى ئاخىرى ساقلاپ قالالىدى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بىردەك ھەقىقەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گورۇھىنىڭ چاڭگىلىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىنى قەتئىي ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىك لاگېرىغا باتۇرلۇق بىلەن ئاتلاندى.» (1949 - يىل 30 - ئۆكتەبىر شىنجاڭ گېزىتى) شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى، تېنچ، ئىتتىپاقلاشقان، بىرلىككە كەلگەن داغدام يولغا قاراپ مەڭگۈ ماڭدى. جاڭجىجۇڭ ئەپەندىمىنىڭ شىنجاڭنى قوغداش، تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىشتەك ئىزچىل ئارزۇسى ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى.

ئىبراھىم ھەمدۇللا تەرجىمىسى

1988 - يىللىق 4 - سانىغا تۈزىتىش

| بەت | قۇر | | بېسىلغىنى | توغرىسىدا |
|---|---|---|---|---|
| | ي | ا ت | | |
| مۇندەرىجە | 7 | | شۇي جىڭفىشن | شۇي جىڭفەن |
| 6 | | 15 | ئورۇنى | ئورنى |
| 21 | 11 | | ئۆگىتىش | ئۆگىتىش |
| 25 | | 14 | كەپىياتلىرىنىڭ | كەيپىياتلىرىنىڭ |
| 25 | | 3 | ئىتسادىي | ئىقتىسادىي |
| 31 | | 10 | تۈزۈپ، | تۈزۈلۈپ |
| 50 | | 10 | ۋاھا | ھاۋا |
| 68 | | 6 | ئىرىلگەن | بېرىلگەن |
| 81 | 5 | | سۇلڭ فەينى | سۇلڭ فەنىي |
| 82 | | 6 | (11) | (6) |
| 85 | | 2 | 6 تارىخ | 6 . تارىخ |
| 97 | 17 | | فەدەم | قەدەم |
| 101 | | 18 | جاتلىقىنى | خاتالىقىنى |
| 117 | 8 | | ئىنشام | ئىشانە |

# Journal of Xinjiang University

## (Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)

No 1, 1989 (Total: No. 37)


## Contents


A Preliminary Discussion on the Problem of Absolute Rent in the Primary Stage of Socialism ……… *Abliz Imin, Um r B kri* 1

An Analysis of the Social Character of Price. ……… *Ablikim H s n* 9

A Preliminary Discussion on the Cause of Criminal Phenomena in the Primaiy Stage of Socialism. ……… *Alim S eie* 16

On a Scientific View - Point of Developing the Cultura of the Nationalities-- A View - Point of Blended Levels ……… *Abduxukur Muhemmed emin* 12

Some Problems on Uygur Literature. ……… *Nurmuh mad Z m n* 28

An Encyclopaedia of Art Reflecting the life of the Uygur in the Middle Ages. ……… *Abdull M tkurb n* 36

A Preliminary Discussion on the School of Literature of «Hamsai». ……… *Xerin K urb n* 50

A Preliminary Discussion on the Relationship between the Zagatai Dialect and the Uygur Spoken Language. ……… *Abdurup Pol t* 68

A Talk on the Hastory Liao Dynasty. ……… *K sim Arix* 81

An Inquiry into the Origin of the Tatars. ……… *Tursun Huxur* 93

The Hotian Pinter and Translater. ……… *Abliz Muh mm d S yr mi* 111

The Peace Negotiations Between Chag Zhi - Zhong and the Representatives of the Three Regions Revolutionary Army ……… *Li xuang, Ju Y ngguy, C o Xinxing* 124



بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: كۆرەش مەھمۇت

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدۇلىم ئابدۇرېھىم



تاشقورغان قەدىمىي شەھرى (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى)


شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

（哲学社会科学维文版）

季　刊

发行范围：公开发行

تۈزگۈچىسى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچىسى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: نىجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتاخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65—1035/C

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58. باھاسى: 0.50 يۈەن